# بۇلاق

2017 ـ يىللىق 5 ـ سان

باش مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

شېئىرلار ........................................................ موللا قۇربان (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن تۇردى

### بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېبىي رىسالە ــ «مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى» نىڭ ئوقۇلۇشى، يەشمە ۋە ئىزاھاتى ........................................................ (15)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابابەكرى ئابدۇرەشىت بىلگە

ھۈنەر ـ كەسىپلەر ھەققىدە بايانلار (1) ........................................................ (36)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

### مەشھۇر شەخسلەر

ئەمەت ئۆمەر تاشۋاي ھەققىدە ........................................................ بۇغدا ئابدۇللا (50)

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ............ ياڭ فۇشۆ، نيۇ رۇجى (57)
تەرجىمە قىلغۇچى: خالىق ئاۋۇت
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «شېئىرىي دىۋان» ............ غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر (69)
خەلق ناخشىلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدە ............ ماھىرە ھەسەن (97)


## تېبابەت دۇردانىلىرى


قەدىمكى ئەسىرلەردە تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېبابەتتە ئىشلىتىلىشىگە نەزەر .... ئىسرائىل مۇتىللا (100)


※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «ئانار پىشتى»
(فارفور تەخسىگە سىزىلغان مىنىياتۇرا رەسىم)، مەمەت نەۋبەت سىزغان.

※ ※ ※


مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلئارام باھاۋىدىن
كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات



تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

مولللا قۇربان

# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن تۇردى

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزنىڭ 2016 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ سانلىرى ۋە 2017 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا شائىر مۇھەممەد مولللا ئەلىينىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغانىدى. مۇھەممەد مولللائەلىي شېئىرلىرى كۆچۈرۈلگەن قول يازما ئىچىگە يەنە مولللا قۇرباننىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ سانىمىزدا شۇ شېئىرلاردىن بىر قىسمىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

مولللا قۇرباننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە ئالاقىدار مەلۇمات ناھايىتى ئاز. شۇڭا، بۇ جەھەتتە پەقەت شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى بەزى ئىما ـ ئىشارەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىشكە مەجبۇرمىز. مولللا قۇرباننىڭ شېئىرلىرىدىكى: «مېنىڭ ئۆيۈم بېگەلى، ھېچ نەرسە يوق يېگەلى» دېگەن مىسرالاردىن ئۇنىڭ يەكەننىڭ بېگەلى دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىكەنلىكىنى، يوقسۇللۇق، بىچارىلىك ئىچىدە ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى بىلىمىز. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئالاقىدار مەزمۇنلارغا قاراپ، مولللا قۇرباننىڭ مۇھەممەد مولللا ئەلىي بىلەن بىر دەۋردە، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

مولا قۇربان شېئىرلىرىدا فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ئېچىپ تاشلانغان، سىنىپىي زۇلۇم سەۋەبىدىن يوقسۇللارنىڭ چېكىۋاتقان ئازاب ـ كۈلپەتلىرى چوڭقۇر پاش قىلىنغان. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئالۋاڭ ـ ياساق دەستىدىن چېكىۋاتقان ئېچىنىشلىق نالە ـ پەريادلىرى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. بۇ شېئىرلار كونا جەمئىيەتنى چۈشىنىپ، يېڭى دەۋرنىڭ قەدرىگە يېتىشىمىزدە بىزنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. لېكىن، مولللا قۇربان شېئىرلىرىدا يەنە ئۆز دەۋرىدىكى فېئودال تەبىقىۋازلىق، خۇراپاتلىق خاھىشلىرى ۋە دىنىي مىستىك ئىدىيەلەرنىڭ تەسىرلىرىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ساقلانغان. مۇنداق ئىدىيەۋى چەكلىمىلىكلەرگە قارىتا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىز، شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز زۆرۈر.

* * *

كۆنكى مەن مىراب بولدۇم بۇ ئۆرفە باش ئاياغىغا،
دېدى ھۆكمەت ئۆتەر شائۆرفە ياركەندنىڭ دىيارىغا.

تونۇپ كەلسە بۇ ئۇرفە باش ئاياغ تۇگۇرمەندىن ئاشمايدۇ،
قولۇمدا ھۆججەتىم بار تولا تۇگۇرمەنلەرنى بۇزماقغا.
بۇ تۇرلۇك دوق قىلىپ تۇگۇرمەنچىلەرگە سالدى ۋەھشەتنى،
مۇخالىپ سۆزلەنى ئايتىپ خيالى تۇرگۇرمەن ئالماقغا.

بىرىنى كۆندۇرۇپ ئىششەك، بىرىدىن ئالدىلار نىمشەك،
شېرىك بولدى بۇ ئۇرفە باش ئاياغدىن ھەممە تۇگۇرمەنگە.

ئاياغى كۆككە چىقماي چۆيرۈلۈر بەئزى تۇگۇرمەنلەر،
بۇ تۇرلۇك فەللەنى تاپسا ئىگە بولدىلار يېرىم تاشقا.

ياتىپ بىر كۈن تۇگۇرمەندە مۇنىڭكى پايداسى قانچە،
مەگەر چۆيرۈلسە بەش كۈن نەفئىنىڭ ئەدەدىنى ئالماقغا.

مىسالى رۇبئىدۇر يا نىسفىگەردۇر توختاتىپ تەئيىن،
ھېساپتا مۇنچە كۈن بولدى، مېنىڭ قەۋلى قەرارىمغا.

خىيال ئەيلەك تۇگۇرمەن نەچچە كۈن بولدى ماھا تەئيىن،
ھىسابنى توختاتىپ تۇگۇرمەنچىنىڭ زىممىغا ئارتماقغا.

زۇلۇم بىرلە قىيىن بولدى تۇگۇرمەنچى ئەلەم تارتىپ،
ئىلاجىم يوق مېنىڭ ئەمدى بۇ ئاشلىقلارنى بەرمەسكە.

تۇگۇرمەن نەچچە خىلدۇر بەئزەسىنى توختاتىپ دانغا،
خەبەر ئالغان كىشىنى بۇيرۇغايلار ئانت ـ ئىسباتغا.

ھەمىشە نەفسىنىڭ كويىدا يۇرگەي پايدانى كۆزلەپ،
تەمەئ ئەيلەپ گەدالاردەك، بارۇرلار ھەر دىيارىغا.

تولا تەدبىرنى قىلغاچ خەلقلەرنى ئازدۇرۇپ دائىم،
ھەرام ئاغۇشتە يەپ ئاخىر قالۇر دەۋزەخ ئازابىغا.

قەنائەت ئاتىغا مىنمەي، تەۋازۇئ تەركەشىن تارتماي،
تەكەببۇر قىلغانىدىن يەتمەگەي ھەرگىز مۇرادىغا.

بۇ ئۇرفە باش- ئاياغدا بولسا ھەر يەردە بىر ئەر تۇگۇرمەن،
ھەمىشە چۆيرۇلۇرلەر ھەرقاچان ھەققىمنى بەرگەنغا.

تۇشۇرگى، توغرا ئارىق، ئاقباش، ئاياغ مەركىت تۇگۇرمەندىن،
بۇلاردىن ئاشلىق ئالماي، پۇلغا ساتتى، سالدى ھەميانغا.

ناغرىچى، ئوردا ئارىق، بەشكەرەم، جەگچەك، قۇشچى تۇگۇرمەندىن،
غەلىسنى ئۇددە قىلدى، كۆك باشى قاسىمغا يىغماقغا.

بادامىلىق، قاش ئارىق، سىيەك مەزار، فەررەكچى تۇگۇرمەندىن،
نامۇس قىلماي قەدەم قويدى ھەمىشە ئۆزى يىغماقغا.

ئارا ئۇرفە، باش ئۇرفە، پۇلات تۇگۇرمەنلەرگە قول قويدى،
بېگەل تۇگۇرمەندە بىر پوستەكچى، قول سالدى گىرىبانغا.

تۇگۇرمەن ھاسلاتى جەمئىنىڭ ھەددى ھسابى يوق،
ماڭا ھەركىم ئەدەد قويسا، ئالالماس ھەددى پايانغا.

بۇ ئىشلارنىڭ ۋۇقۇفنى تولا ئادەم خىيال ئەتمەس،
تۇبەت سەۋداگەرى ھەرگىز يېتەلمەس فايدا ئالماقغا.

فەقىر لايىق ئەمەس ئانچە بۇ سۆزنى نەزم قىلدىم مەن،
شىكايەت قىلماغايلار ھەركىشىكىم موللا قۇربانغا.

* * *

پادىشاھا، بۇ يەتىم بىۋە قۇلۇڭنىڭ ئەرزى،
ھەزرەتىڭغە بار ئىدى مەئلۇم ئېتەرگە ئەرزى،
چوقا ئالبانچىسىدىن ئولتۇرغۇم ئەردى يازى،
يۈز باشىم توختەنەزەر فۇقۇرا ئەردى غەنەمى،
كىرگەن ئالبانغا ئۆزۈم بۇرناقى سائەتدە، بېگىم.

ھەميانىم ئاغزى ئوچۇقدۇر، ئالادۇرلار چاغلاپ،
بەرمەسىم كاج سالادۇر، قولۇمنى ئارقام باغلاپ.
كېچەدە ياتقالى قويماي كېلەدۇرلەر ھاڭراپ،
ئۆيدە يوق بولسا تاپىپ بەرگۈچى ھۆكمىن ئاڭلاپ.
بەللەرىم مۈكرى بولۇپ قالدى خۇشامەتدە، بېگىم.

بەللەرىم دۇتتا بولۇپ ياتادۇرمەن خىڭىشىپ،
ئۆرە قوپماقنى ياتىپ ئارزۇ قىلۇرمەن كېڭىشىپ،
ئۆرە قوپسام تۇرامەن، مايىنەغە ئوخشا گىڭىشىپ،
پۈتلاشىپ يەرگە يىقىلسام، ياتادۇرمەن غىڭىشىپ،
تېخى ئالبان بېرەدۇرمەن ئۆشبۇ ھالەتدە، بېگىم.

ئۆي سەرەنجامىدا بار ئىككى سىبەت بىر چاپانىم،
ئىيدلىق كىيگەلى ئەسكى بىر ياماق جۇل چاپانىم،
تەگمەدى نەچچە مەھەل بولدى ئۆتۈككە تاپانىم،
نارەسىدە قارىدىم، چىقمادى بىر تال ساقالىم،
ئۆتكىدەكمەن بۇ جاھاندا بۇ مەلامەتدە، بېگىم.

پاللا ـ پۇللا قىلادۇر ئۆي ئىچىمىز خوب فۇشەك،
بويرانىڭ ئورنىغا ئۆي ئوتراسىغا سالدىم كۆشەك،
كۆچەدىن پايتىما تىرىپ ئۆيگە سالىپ ئولتۇردۇق،
بىر گىلەم باركى ئانىڭ ئەسلا تازە يېرى يوق.
جەمئىي بولدى دۇنيا ماڭا بۇ لەتافەتدە، بېگىم.

ئايۇ يىل ئۆتسە تۇرماس ئۆيدە ئىششەك خورەكىم،
قىش كۈنى كىيگەلى بار بىرگىنە تۈكسىز كۆرەكىم،
ئالسام ئالبان خەبەرىنى يارىلاردۇر يۈرەكىم،
بالا ـ بارقام تولا يوق، ئەمما تولادۇر كۆمەكىم،
ئادەمىم جىق تۇرادۇر كۆھنە ئىمارەتدە، بېگىم.

بىر قىزىم بار ئەردى ئالدىدا بەش بالاسى،
ئۇ يەتىملەرنى باقالماي، ماڭا بەردى ئاناسى،
تولاسى ئاش قاپىدۇر، كارغا كېلۇر ئازغىنەسى،
بۇ بالا تەك ئۆسۈپ ئەردى مۇبادا ئاتاسى،
باقادۇرمەن تولا دىشۋارلىق قەباھەتدە، بېگىم.

بەش ئاتىز مۈلك باغىم بار، تۇرادۇر ۋەيرانلىق،
ئىككى ئۆچە ئۆيىمىز بار ئالايارلىق، تاملىق،
ناشتا قىلسام، ماڭا بىر غەم تۇشەدۇر ئاخشاملىق،
ھەر ئۆيدە فاتىھە ئوقۇپ ئۈند تاپىمەن بىر نانلىق،
قاتتى تەڭلىكدە باشىم ئۆشبۇ خىجالەتدە، بېگىم.

قالمادى ئات، كالا، قوي، ئەچكۈ، ئىشەك مەندە ئۇلاغ،
كۆچمىزدە تۇگمە، مۇنچاق قالمادى ھەم ساچ باغ،
مىۋەسىز قالدى دەرەخلەر قۇرۇدى ھەم باغ ئاراغ،
قالمادى مەندە بۇ ئالباننى تاپىپ بەرگۇچى چاغ،
ياخشى ۋەسفىن تۇگەتەلمەي بۇ ئىبارەتدە بېگىم.

خاتۇنۇم ياشقا كامىل كىشىدۇر، خوب ئەقلى بار،
تۆشىدە كۆڭلەكى يوق، ئىككى قومۇشچە يىپى بار،
«ئانى نەۋرۇزغا بىر يۇمغاق ئىپتەي» دەپ گېپى بار،
«ھېچ نېمەڭ قالمادى» دەپ كۇندە ماڭا بىر لېتى بار،
«ئەمدى سەندىن چىقامەن» دەيدۇر بۇ سائەتدە، بېگىم.

ماڭا دۇنيالىق ئېدى بىر گىنە كەتمەن قالدى،
ئانى ھەم ئۇن باشى ئالبانغا ھىسابلاپ ئالدى،
نە قازان مەندە، نە داڭقان ۋە نە چۆگۈن قالدى،
بىلسەڭىز پۇل تۇگەدى، بىزنى بۇ ئالبان چالدى،
قاتتى تەڭلىكتە باشىم تۇرفە خىيالەتدە، بېگىم.

يىللىقىمنى كىشى ھالىمنى كۆرۈپ ئالماغۇدەك،
كۇندە بىر زاغرا بېرىپ، ئىشقامۇ ھەم سالماغۇدەك،
قاچسا دەۋلەت، يەنە ھېچ ۋەجھى بىلەن كەلمەگۇدەك،
پۇلى يوق بولسا بۇرۇنقى يۇزمۇ ھەم قالماغۇدەك،
كېچە كۇندۇز تېلەكىم بىرلە مەزارەتدە، بېگىم.

* * *

ئەرزىم ئىشىت، ئەي ھاكىم، ئەي پادىشاھى ئالەم،
ھەزرەتىڭغە ئەرزىم بار، ئەي پادىشاھى ئالەم.

كۆردۇم ئەمدى يۇزۇڭنى، قەددى زىبا ئۆزۈڭ،
كەرەم نەفەس سۆزۈڭنى، ئەي پادىشاھى ئالەم.

مېنىڭ ئۆيۇم بېگەلى، ھېچ نەرسەم يوق يېگەلى،
ئەرزىم، ھالىم دېگەلى، ئەي پادىشاھى ئالەم.

ئۆزۈم ئاغىر ئالبانچى، غۇلاچدا يوق ئاغرامچى،
پۇل بەرمەسەم يالغانچى، ئەي پادىشاھى ئالەم.

ئىككىنىنا خاتۇنۇم بار، ئىسسىغىنە جانىم بار،
پېقىرلىقتىن نالەم بار، ئەي پادىشاھى ئالەم.

خاتۇنۇم تۇغدى ئىككىزەك، ئىككىلەسى كەنىزەك،
ھەم ئەرتەياز ھەم كۈزەك، ئەي پادىشاھى ئالەم.

تۇكسۇز ئىككى ئەچكۈم بار، بۇ ھال ئىلە كەچكۈم بار،
تەڭلىك بىلەن كەتكۈم بار، ئەي پادىشاھى ئالەم.

ئوچاقىمدا ھۆل تېزەك قىشۇ يازىن توڭ تېزەك،
ئوت قالايدۇ ھەممە زەك، ئەي پادىشاھى ئالەم.

ئىككى ئۈچ تۇپ تالىم بار، ئۈچ ئىشكىلىك ئۆيۈم بار،
ئاجىز ئىككى قىزىم بار، ئەي پادىشاھى ئالەم.

ماڭا سولنى كەڭ قويدى، بايلار بىلەن تەڭ قويدى،
پۇل بەرمەسەم ۋاڭ قويدى، ئەي پادىشاھى ئالەم.

رەھىم خوجامىڭ باشى، مەمەتنىياز قۇر باشى،
توختى يۇسۇپ ئون باشى، ئەي پادىشاھى ئالەم.

دورغا كېلۇر ئالباڭ دەپ، پۇل بەرمەسەم گالباڭ دەپ،
ھالىم سورىماس ھارماڭ دەپ، ئەي پادىشاھى ئالەم.

ئۆي قۇيرۇقى سۆيۈم يوق، تېرىدىغان يېرىم يوق،
ھەۋلى ئارام باغىم يوق، ئەي پادىشاھى ئالەم.

ئون تۆرت قىسىم ئالباڭ بار، توختە يۇسۇپ گالباڭ بار،
باشقا باشقا دورغاڭ بار، ئەي پادىشاھى ئالەم.

دورغا ئۇستۇنگە دورغاسى، مىنگەن ئاتىنىڭ يورغاسى،
ھەر قىسمدا بولغۇسى، ئەي پادىشاھى ئالەم.

شاڭ خۇمى دەر سەككىز گەز، ئېنى باردۇر ئىككى گەز،
توققۇز ئۆستەڭ كاللاپەز، ئەي پادىشاھى ئالەم.

ئايمۇ ئايغۇ ئالادۇر، قۇم تۇپراقتەك سالادۇر،
فەقىرلەرغە بەلادۇر، ئەي پادىشاھى ئالەم.

ھەيدەيدۇرغان دورغالار، ھەر قىسمدا ئالباڭنى،
ئۇرادۇرلار گالباڭنى، ئەي پادىشاھى ئالەم.

يەھيا دورغا جەفاسى، ماڭا قىلغان ئىزاسى،
تامۇغ ئوتى غىزاسى، ئەي پادىشاھى ئالەم.

يەھيا دورغا دىلداگىدىن، پۇل ئالادۇر گالباگىدىن،
ماڭا ئوخشا سالتاگىدىن، ئەي پادىشاھى ئالەم

ئەلبوقچىدىن شانىياز، ئوتياش كۆكى ھەم پىياز،
ئالادۇرلار قىشۇياز، ئەي پادىشاھى ئالەم.

بەرگىن دەيدۇر كىنەتەن، قاچىپ ياتتىم چىھل تەن ،
تولا ئادەم بىۋەتەن، ئەي پادىشاھى ئالەم.

تاغارچىدىن غىياس تاز، دائىم ئالۇر كۇھنەماز،
كۇزدىن تارتىپ ئەتىياز، ئەي پادىشاھى ئالەم.

ئاجراتقۇدىن ناسىر ماش، قوينىدا بار ئىككى تاش،
يارىلدىلار تولا باش، ھەي پادىشاھى ئالەم.

ۋاسىل دورغا يىغلاگىغۇ، ئىككى قولىدا تاراگىغۇ،
ئالەم ـ جاھان قاراگىغۇ، ھەي پادىشاھى ئالەم.

نىياز باغچى ئاقساقال، كەلگۇسىدۇر بىزاۋال،
زۇلۇم قىلدى بىمالال، ئەي پادىشاھى ئالەم.

مەڭگۇچەكتىن ئەشۇر تاز، بىر باڭخورى تۇنىياز،
چىقادۇرمەن فىش باز، ئەي پادىشاھى ئالەم.

خام فاختانى بەرگىن دەر، ئانى بەرسەم ئايلىق بەر،
ئەئزالارىم شىلىپ يەر، ئەي پادىشاھى ئالەم.

ھىچ نەرسەم يوق قولۇمدا، ئىششەك ماش بار تولۇمدا،
ھالىم ئەمدى زۇلۇمدا، ئەي پادىشاھى ئالەم.

توغرائارىقدىن زەيد كۆن، مىسلى زالىم ھەم فىرئەۋن،
تۇشتى باشقا قاتىغ كۇن، ئەي پادىشاھى ئالەم.

بارچە ئۆيدە قازان يوق، غەم قايغۇدا ئەمان يوق،
بارچە كىشىدىن مەن ئورۇق، ئەي پادىشاھى ئالەم.

موللا قۇربان نەزمىسى، سۆزنى تىزغان رەمزەسى،
ئەھلى دانىش بەزمىسى، كۆڭۈل خۇشى غەمزەسى.

ئوتياش كۆكى سەبزەسى، زىينەتىدۇر قەبزەسى،
نەۋ جەۋانلىق ھەرىسى، ئەي پادىشاھى ئالەم.

*　　*　　*

فىغانىكىم، بۇ كۆڭۈلنىڭ راھەتى، ئارامى جان كەتتى،
جەھان خەلقىدىن ئىلغانغان شەھى ساھىبقىران كەتتى.

غەم ئولدى مەركەزى ئالەم، مۇھىتى ھەر تەرەفدىنكىم،
كەرەم دەرياسىدىن، ئەفسۇسكىم، دۇررى گىران كەتتى.

دەرىغا، دەھرى باغىدىنكىم ئۇشول سەرۋى چەمەن كەتتى،
كى زەھرا كۆز ئارىنىڭ قۇررەتۇل - ئەينى ھەسەن كەتتى.

يۈتۈپ نافە جىگەر خۇنابەسىن گىيسۇسى زەۋقىدە،
يۈزى ئەز بەسكى ئەبرىدىنۇ ئول گۈل نەستەرەن كەتتى.

ئاقارىپ ئەشكىدىن نەرگىس، كۆزى يەئقۇبدەك يەئنى،
كى مىسرى نازدىن ئول يۈسۈفى گۈل پىرەھەن كەتتى.


كۆڭۈل يۈپ بۇ جەھانى بىۋەفادىن ئول ۋەفادارى،
تارىقىپ بۇ جەھانى بىۋەفادىن ئول چەمەن كەتتى.


دەرىغا، ھەسرەتا دەپ، بۇ جەھاندا جۇملە مۇئمىنلەر،
ئەزايى شورۇ غەۋغاسىن سالىپ چۇن كۇھكەن كەتتى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)



















# قەدىمكى ئۇيغۇرچە تىببىي رىسالە — «مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش رېتسىپلىرى»
## — ئوقۇلۇشى، يېشىمى ۋە ئىزاھات

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابابەكرى ئابدۇرەشىت بىلگە

### 1. «مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى» ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى

«مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى» — قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېببىي ۋەسىقىلەر ئىچىدە بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلانغان، مەزمۇنى مول، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان داۋالاش رىسالىسى بولۇپ، ئەسلىي قول يازمىسى بېرلىن بىراندېنبورگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىدە (U559(T I D 120 نومۇردا ساقلانماقتا. مەزكۇر رىسالە كىتابچە شەكلىدە جەمئىي 21 بەت، سېرىق رەڭلىك قەغەزگە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېرىم ئىرماش (تېز يازما) خەت شەكلىدە پۈتۈلگەن. بەت يۈزى كەڭلىكى 14cm × 18cm بولۇپ، ھەر بېتىدە 9 — 11 قۇرغىچە مەزمۇن بار، پۈتۈن رىسالە جەمئىي 201 قۇر. باش ۋە ئاخىرقى بېتى يىرتىلىپ قىسمەن بۇزۇلۇپ كەتكەندىن باشقا، قالغان بەتلەر خېلى مۇكەممەل ساقلانغان. مەزكۇر رىسالىنىڭ نامى، پۈتۈكچىسى، پۈتۈلگەن ئورۇن ۋە ۋاقىت ھەققىدە كىتابچىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بېرىلمىگەن. كىتابچىنىڭ ئىملا ئالاھىدىلىكى ۋە يېرىم ئىرماش يېزىق شەكلىگە ئاساسەن، رىسالىنىڭ 12 — 13 - ئەسىرلەردە پۈتۈلگەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ[1]. مەزكۇر رىسالە ئەسلىي نامسىز بولۇپ، 1996 - يىلى دېڭ خاۋ، ياڭ فۇشۆ ئىككىيلەن ۋەسىقىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئەسلى ئېمىسىز بولغان بۇ تېببىي ۋەسىقىنى «مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى» (杂病医疗百方) دەپ ئاتىغان[2]، ھازىرغىچە مۇشۇ نامدا ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

«مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى»دىكى دورا رېتسېپلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، ئاساسلىقى ھازىر ئىچكى كېسەللىك، بەش ئەزا كېسەللىكى، ئاياللار كېسەللىكى، بالىلار كېسەللىكى، چىش كېسەللىكى، تېرە كېسەللىكى ۋە ئىچكى ئاجراتما كېسەللىكلىرىگە تەۋە بولۇۋاتقان 30 نەچچە تۈرلۈك كېسەللىك ۋە ئۇنىڭ 84 خىل داۋالاش رېتسېپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر رىسالىدە تىلغا ئېلىنغان دورا تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى ھايۋانات تۈرىدىكى دورىلىقلار، ئۆسۈملۈك تۈرىدىكى دورىلىقلار، مىنېراللار تۈرىدىكى دورىلىقلار ۋە پىششىقلانغان دورىلىقلار قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھايۋانات تۈرىدىكى دورىلىقلار 50 تۈرلۈكتىن كۆپرەك، ئۆسۈملۈك تۈرىدىكى دورىلىقلار 40 نەچچە تۈرلۈك، مىنېرال تۈرىدىكى ۋە پىششىقلانغان دورىلىقلار ئايرىم - ئايرىم توققۇز تۈرلۈك ۋە بەش تۈرلۈك بولۇپ، جەمئىي 100 خىلدىن ئارتۇق دورىلىق نامى كۆرۈلىدۇ.

باشقا تېببىي ۋەسىقىلەر بىلەن بولغان مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى»نىڭ ئەسلىي ئەسەر مەنبەسى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. مەزكۇر

① مورىياسۇ تاكاۋ: 1991 - يىلى، 150 — 152 - بەتلەرگە قاراڭ.
② دېڭ خاۋ، ياڭ فۇشۆ: 1996 - يىلى.

ۋەسىقىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى داۋالاش رېتسېپلىرىنىڭ 9 ـ ئەسىردە يېزىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقالغان ھىندى تېبابىتىدىكى كىلاسسىك ئەسەر «سىدداسارا» (تېبابەت جەۋھەرلىرى) بىلەن مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى يوق[1]. ھازىرغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا كىلاسسىك تېبببىي ئەسەرلەر بىلەنمۇ ھېچقانداق بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك باغلىنىشى بايقالمىدى. ھالبۇكى، دىققەتكە ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، مەزكۇر ۋەسىقىدىكى تېبببىي ئاتالغۇلار ۋە دورا ناملىرى ئىچىدە سانسكرىتچە، توخرىچە، پارسچە ئاتالغۇلار، شۇنداقلا خەنزۇ تىلىدىن بىۋاسىتە ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن ئېلىنغان سۆز ـ ئاتالغۇلار بار. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر ۋەسىقە ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك تېبببىي ئالاقە مۇناسىۋەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مىللىي تېبابىتى بىلەن شەرق ـ غەرب تېبابىتىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە تېبابەت ئەمەلىيىتى تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرىدۇر[2].

«مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى»نىڭ سەھىپىسى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا قوللىنىلغان داۋالاش رېتسېپلىرى روشەن خاسلىققا ئىگە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە مىللىي تېبابەت جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىللە، ئەينى دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەيلى تېبابەت نەزەرىيەسى ياكى ئەمەلىيىتى جەھەتتە بولسۇن ھىندى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تېبابىتىدىن پەرقلىق ئالاھىدە بىر خىل سىستېمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. مەزكۇر ۋەسىقە غەربىي يۇرت ئوتتۇرا ئاسىيا فىلولوگىيە تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەت نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىنى، ئۇيغۇر تېبابەت مەدەنىيىتى ۋە تېبابەت تارىخىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى 1 ـ قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيەسىدە تېپىلغان بۇ ۋەسىقە ئۇستىدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تەتقىقاتچى ـ مۇتەخەسسىسلەر كۆپ نۇقتىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى باشلىغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ 1930 ـ يىلى تەتقىقاتچى رەشىت رەھمەتى ئارات ئىككى توملۇق «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېبببىي ۋەسىقىلەر» (Heilkunde der Uiguren) ناملىق تەتقىقات ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومىدا يېشىپ ئوقۇپ، گېرمانچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلغان[3]. 1936 ـ يىلى پىروفېسسور، تېبابەت تارىخى تەتقىقاتچىسى سۇھەيل ئۈنۋەر رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ يۇقىرىقى تەتقىقات نەتىجىسى ئاساسىدا مەزكۇر ۋەسىقىدىكى رېتسېپلار، كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارنى رەتلەپ تۈرگە ئايرىپ «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت: 8 — 14 ـ ئەسىرلەر» ناملىق قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتى ھەققىدىكى تۇنجى نەزەرىيەۋى تەتقىقات ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى[4]. 1950 ـ يىلى ئا. فون. گاباينى خانىم «قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ۋەسىقىدىكى بىر قىسىم رېتسېپلارنى تېكىست ئۈرنىكى سۈپىتىدە بەردى. 1978 ـ يىلى پىروفېسسور گېڭ شىمىن «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەردىن تاللانما» (شاپىگراف نۇسخا) دەرسلىكىگە رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ ترانسكرىپسىيەسىنى كىرگۈزۈش بىلەن بىللە، مەزكۇر

① چېن مىڭ (陈明): 2002 ـ يىلى، 142 ـ بەت.
② رەشىت رەھمەتى ئارات: 1930 ـ يىلى، 4 [452] ـ بەت.
③ رەشىت رەھمەتى ئارات: 1930 ـ يىلى.
④ سۇھەيل ئۈنۋەر: 1936 ـ يىلى.

ۋەسىقىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتى ۋە ۋەسىقە تىلىدىكى بەزى گىراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى قوشۇمچە قىلىپ بەردى①. 1983 ـ يىلى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلاردىن ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ قاتارلىقلار «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېببىي ۋەسىقىلەر»دىكى بىر قىسىم رېتسېپلارنى «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابقا تاللاپ كىرگۈزۈپ، رېتسېپلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى②. 1984 ـ يىلى پىروفېسسور چېن زۇڭجېن «جۇڭخۇا تېبابەت تارىخى» ژۇرنىلىنىڭ 14 ـ توم 4 ـ سانىدا «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېببىي ۋەسىقىلەردىن ئۈزۈندى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېببىي ۋەسىقىلەر»(1) دىكى رېتسېپلارنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. شۇ يىلى خوڭ ۋۇلى ئەپەندى يۇقىرىقى ژۇرنالنىڭ ئوخشاش سانىدا « ‹قەدىمكى ئۇيغۇرچە مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش قوللانمىسى›نىڭ تېببىي قىممىتى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، پىروفېسسور چېن زۇڭجېننىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن مەزكۇر ۋەسىقىنىڭ تېببىي قىممىتىنى چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلدى.

ئارىدىن 12 يىل ئۆتۈپ 1996 ـ يىلى دېڭ خاۋ، ياڭ فۇشۆ ئىككىيلەن «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ‹مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى›نىڭ تەرجىمە شەرھى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى ۋە ماقالىدە «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېببىي ۋەسىقىلەر»(1)نى قايتىدىن تىرانسكرىپسىيە قىلىپ، خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەسلىدە نامسىز بولغان بۇ ۋەسىقىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى» دېگەن نامنى بېكىتتى. 1997 ـ يىلى تەرجىمان تۇرسۇنئاي ساقىم خانىم تەتقىقاتچى سۇھەيل ئۈنۋەرنىڭ «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت: 8 ــ 14 ـ ئەسىرلەر» ناملىق كىتابىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدا يېشىپ ئوقۇش، تەرجىمە ۋە ئىزاھلاش جەھەتتە خېلى كۆپ مەسىلىلەر ساقلانغاچقا، تەرجىمە نۇسخىدىمۇ ئاز بولمىغان خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلدى.

رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ 1930 ـ يىلىدىكى تەتقىقاتىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، مەزكۇر ۋەسىقە 80 يىلدىن ئارتۇق تەتقىقات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئاز بولمىغان ۋەسىقىلەر يېڭىدىن بايقىلىپ، يېشىپ ئوقۇلدى، بىرنەچچە پارچە خېلى مۇكەممەل بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى تۈزۈلدى، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېببىي ۋەسىقىلەر تەتقىقاتىدىمۇ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھالبۇكى، مەكۇر ۋەسىقە ئۈستىدىكى كېيىنكى تەتقىقاتلارنىڭ كۆپىنچىسى رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىسىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئەسلىي ئەسەردە تۈزىتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەر ھازىرغىچە شۇ پېتى داۋام قىلىپ كەلدى. مەزكۇر ۋەسىقە ئۈستىدىكى تەتقىقاتلاردا ساقلانغان مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ، كېيىنكى ئالاقىدار تەتقىقاتلارنىڭ ئىلمىي ۋە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا قولايلىق يارىتىش، بۇ ۋەسىقىنىڭ تولۇق ئوقۇلغۇ ۋە يەشمىسىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش ئۈچۈن، تۆۋەندە بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا مەزكۇر ۋەسىقىنى قايتىدىن يېشىپ ئوقۇپ، ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا ساقلانغان مەسىلىلەرنى بەت ئاستى ئىزاھات شەكلىدە كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى ۋە ئالاقىدار ئىزاھاتىنى بېرىپ ئۆتىمىز.

① پىروفېسسور گېڭ شىمىن 1978 ــ 1980 ـ يىللاردا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا دەرسلىك قىلغان نۇسخا.
② ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن، 1983 ـ يىلى.

## 2.«مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى» نىڭ ئوقۇلغۇ ۋە يەشمىسى

**U559 (T I D 120) I**

01 täm[①] mün birlä soɣıṭıp ič[ür]sär yüräk sıqılmaq tın 02 bušmaqıɣ[②] ötürük turuq uẓun isigkä öngäḍür + 03 yüräk sıqılmaq tın bušmaq[n]ıng čurnısı nara uruɣı 04 qara tuz bıšıɣ singir sırıčaɣan tüz ülüš čurnı qılıp müntä 05 ičsär yüräk sıqılmaq t[ın] bušmaqıɣ ädgüqılur 06 an[k]abuš čurnı otı sukšum[ur] bir baqır qadız i[ki baqır] 07 ankabuš üč baqır murč t[ört] baqır piṭpidi beš baqır 08 bıšıɣ singir altı baqı[r] čurnı qılıp čurn[ı bir] ülüš 09 šäkär altı ülüš er(i)m[i]štä iki[rär] [b]aqır [mün] birlä 10 [ičü]rsär alqu bäkändär arıš [ ] irämäyig(? ) 11 [ aši i]čgüsi singmäm [iš ]/g/[ ].

01 شاراب[③]، شورپا بىلەن سوۋۇتۇپ ئىچۈرسە، يۈرەك سىقىلىش، دېمى 02 سىقىلىش، ئىچى سۈرۈش، قەۋزىيەت، جاھىل قىزىتما ساقىيىدۇ. 03 يۈرەك سىقىلىش، دەم سىقىلىشنىڭ دورىسى: ئانار ئۇرۇقى، 04 قارا تۇز، قۇرۇق زەنجىۋىل[④]، سىرىچاغانلاردىن تەڭ ئۆلۈش تالقان قىلىپ، شورپا بىلەن 05 ئىچسە، يۈرەك سىقىلىش، دېمى قىستاشقا شىپا بولىدۇ. 06 ھىڭ تالقان دورىسى: كىچىك قاقىلە بىر باقىر، دارچىن ئىككى باقىر، 07 ھىڭ ئۈچ باقىر، مۇرچ تۆت باقىر، پىلپىل بەش باقىر، 08 قۇرۇق زەنجىۋىل ئالتە باقىر، (بۇلارنى) تالقان قىلىپ، بىر ئۆلۈش تالقانغا 09 ئالتە ئۆلۈش شېكەر قوشۇپ ئېرىگەندە، ھەر قېتىمدا ئىككى باقىردىن ئېلىپ، شورپا بىلەن 10 ئىچسە، بارلىق بەكەندەر ئېرىغ ...ئىرەمەيىگ(؟) 11 تاماق ۋە ئىچىملىك سىڭمىگەن (كېسەللەر)گە ...

**U559 (T I D 120) II**

12[ tın buš]maqıɣ boɣuz tamaq {ar} aɣrımaqıɣ t[ın b]äklänm[äkig] 13 [ y]elikip enčsiz bolmaqıɣ alqu yel [i]gig 14 [öngäḍ]ür + ängilki sukšumur čurnı sükärsläk(? ) 15 sukšumur üčär baqır pitpidi bir baqır artun topulɣaq 16 enägükä äm iki süngük ärkäč äṭin bir paṭır ayaq 17 bor bir paṭır ayaq suv birlä qayınturup suvı 18 suɣulmıšta ičsär keṭär + y(a)na sunu tört baqı[r]nı 19 bulung baṭman qudunmuqnı sıẓɣurup ač qarınqa ičip 20 udıɣu ol enägü aɣrıɣ ketär+ 21 tiši kiši .tüšüräyin tesär ıt sütin ičgül bat 22 tüšär eši[⑤] tüšmäsär qısırın uruɣın

12 ...دەم سىقىلىشنى، بوغۇز، تاماق ئاغرىقىنى، نەپەس تۇسۇلۇشنى، 13... شامالداراپ بىئارام بولۇش ۋە شامالداراشتىن بولغان بارلىق كېسەللەرنى 14 ساقايتىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال قاقىلە تالقىنى: سۆكەرسلەك 15 ۋە قاقىلەدىن ئۈچ باقىردىن، پىلپىل بىر باقىر، يۇمغاقسۈت، قىياق.[⑥] 16 قورساق ئاغرىقىغا ئەم: ئىككى قوۋۇرغا ئەكەچ گۆشىنى بىر بادىر ئاياق 17 بور (شاراب)دا قاينىتىپ سۈيى 18 تۇگىگەندە ئىچسە، (ئاغرىق) ساقىيىدۇ. يەنە سىيادانىدىن تۆت باقىرنى 19، تۆتتىن بىر پاتمان قۇدۇنمۇقنى ئېرىتىپ ئاچ قورساق ئىچىپ 20 ئۇخلىسا، قورساق ئاغرىقى ساقىيىدۇ. 21 ئايال كىشى (ھامىلىنى) چۈشۈرىمەن دېسە، ئىت سۈتى ئىچسۇن، تېز 22 چۈشىدۇ. ئەگەر (بالا) ھەمراھى چۈشمىسە، قىسىرنىڭ ئۇرۇقى بىلەن

---

① ئارات (1930) ۋە ياڭ فۇ شۆ (2003: 525) بۇ سۆزنى tam دەپ ئوقۇغان. قۇر ئارىسىدىكى 01، 02 قاتارلىق رەقەملەر ئەسلىي قول يازمىنىڭ ئومۇمىي قۇر سانىنى كۆرسىتىدۇ.

② ئارات (1930): boşmaq؛ كلاۋسون (1972: 389b): buzmaq.

③ ياڭ فۇشۆ (2003: 536) بۇ سۆزنى tam دەپ ئوقۇپ، خەنزۇچە "疡" خېتىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ماقالە ئاخىرىدىكى 1 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

④ ئارات (1930)، ياڭ فۇشۆ (2003) ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن تاللانما» (1983) قاتارلىقلار ئەسلىي يازمىدىكى bıšıɣ singir نى «پىشىق پەي، پىشقان گەج» دەپ تەرجىمە قىلغان. ماقالە ئاخىرىدىكى 4 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ.

⑤ ئارات (1930)، ياڭ فۇشۆ (2003: 546) ävis دەپ ئوقۇغان؛ كلاۋسون (1972: 12) avin دەپ ئوقۇغان.

⑥ كلاۋسون (1972: 144a): tupulɣaq ۋە enägü بىرلەشتۈرۈپ «سانجىق» (colic) دەپ تەرجىمە قىلغان.

### U559 (T I D 120) III

23 ayı {arası} arasında tüṭüzgü ol bat tüšär 24 köz ayrıyl'äm kiši öṭi tonguz öṭi äčkü öṭi 25 tavıšyan öṭi bu törṭägütä qayusı bolsar 26 {qara} qaraqač ıyač {qaẓıqın} qaẓıqın[①] otqa 27 köyürüp külin alıp suvqa yuyurup közkä 28 yaqyu ol bat ädgü bolur kimning qolṭıqı yıdıy 29 bolsar övkäni sögülüp üč kün yaqẓun yıdıyı 30 keṭär + beš on yıl qart bolup büṭmäsär kiši äṭin 31 yaqyu ol büṭär taqı bütmäsär qara men 32 [yar] tuzı birlä yuyurup yaqzun büṭ[är]

23 ئېغى ئارىسىدا ئىسرىق سالسا تېز چۈشىدۇ. 24 كۆز ئاغرىقىغا ئەم: ئادەم ئۆتى، توڭگۇز ئۆتى، ئۆچكە ئۆتى، 25 توشقان ئۆتى، بۇ تۆتىدىن قايسى بولسا 26 قارا ياغاچ قوۋزىقى[②] ئوتىدا 27 كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى ئېلىپ سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ كۆزگە 28 ياقسا تېز مەنپەئەت قىلىدۇ. كىمنىڭ قولتۇقى پۇرىسا، 29 ئۆپكىنى ئوتقا قاقلاپ، ئۈچ كۈن ياقسا پۇرىقى 30 يوقايدۇ. بەش ئون يىل يارا بولۇپ پۈتمىسە، ئادەم گۆشىنى 31 (يارا ئورنىغا) ياقسا پۈتىدۇ. يەنە پۈتمىسە قارا ئۈنىنى 32 يار تۇزى بىلەن يۇغۇرۇپ ياقسۇن، پۈتىدۇ.

### U559 (T I D 120) IV

33 qa[yu] kiši kečä ädgü körmäsär 34 qara äčkününg ögsüz bayırınqa ičingä 35 pitpidini sačıp otqa kömüp köpükin alıp 36 közkä sürṭgül kečä ädgü körür + 37 qayu tišining qayuqı tuṭunsar tülüg ärük- 38 nüng qaẓıqın alıp qašanıy yolınga uryu ol 39 bat qašanur + qayu kiši yan ayrıy ärsär 40 kögürčkän mayaqın qara men birlä čoquraṭıp 41 üč kečä yaqzun ädgü bolur

33 ئەگەر كىم نامازشام قارىغۇسى بولسا 34 قارا ئۆچكىنىڭ يېتىلمىگەن جىگىرى ئىچىگە 35 پىلپىل چېچىپ، ئوتقا كۆمۈپ كۆپۈكىنى ئېلىپ 36 كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، كەچتە ياخشى كۆرىدۇ. 37 ئەگەر قايسى ئايالنىڭ[③] سۆيدۈكى تۇتۇلۇپ قالسا، تۈكلۈك ئۆرۈكنىڭ 38 پوستىنى ئېلىپ سۈيدۈك يولىغا تىقسا، 39 تېزلا سىيىدۇ. قايسى كىشىنىڭ يان تەرىپى ئاغرىپ قالسا، 40 كەپتەر مايىقىنى قارا ئۈن بىلەن قايناتقىپ، 41 ئۈچ كېچە ياقسۇن، شىپا تاپىدۇ.

### U559 (T I D 120) V

42 tälinmäz qartqa ingäkning qoyn(n)ıng mingizin 43 soqup yaqẓun bat tänilip ädgü bolur + 44 tolyaq bolup sönmäsär osyunnung qaẓıqın 45 yılṭızı birlä yuryutqa toqıp ičürzun sönär 46 tiš ayrıyqa üč yašar qara udnung mayaqın 47 ešičtä čoquraṭıp yaqzun ayrıyı keṭär + 48 qayu kišining + äṭi ala bolsar bäṭigänni[④] {yarıp} 49 yarıp sürṭüštürüp suvın alıp ala äṭinkä 50 sürṭzün alası keṭär + käkälik öṭin šäkär birlä tüz 51 ülüš qılıp közkä sürṭsär körmäsär y(ä)mä körür ädgü bolur

42 ئېغىز ئالمىغان يارىغا ئىنەكنىڭ، قوينىڭ مۇڭگۇزىنى 43 سوقۇپ ياقسۇن، تېز ئېغىز ئېلىپ ساقىيىدۇ. 44 قورساق مۇجۇپ ئاغرىپ، ئاغرىق يانمىسا سۆڭپيازنىڭ پوستىنى 45 يىلتىزى بىلەن قېتىقتا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرسۇن، (ئاغرىق) توختايدۇ. 46 چىش ئاغرىقىغا ئۈچ ياشلىق ئۈينىڭ تېزىكىنى 47 قازاندا قىزدۇرۇپ ياقسۇن، ئاغرىق يانىدۇ. 48 قايسى كىشىنىڭ بەدىنى بەرەس

① بۇ سۆزنى ئارات qasıq (1930)، كلاۋسون qasuq (1972: 666) دەپ ئوقۇغان.
② ئارات (1930) بۇ سۆزنى qara qač قوۋزىقى دەپ تەرجىمە قىلغان. كلاۋسون (1972: 589) بىر نەچچە پارچە دەرەخ قوۋزىقى (a few piece of tree bark) دەپ تەرجىمە قىلغان
③ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن تاللانما» (1983: 334) ۋە ياڭ فۇشۆ (2003: 547) ئەسلىي تېكىستتىكى tiši (ئايال) دېگەن سۆزنى ئايرىم ـ ئايرىم «ئادەم» ۋە «كىم» دەپ تەرجىمە قىلغان
④ ئارات (1930)، گاباﺋىن (1950: 261) بۇ سۆزنى badıyan (بەدىيان) دەپ ئوقۇغان.

بولسا، پېتىگەننى 49 يېرىپ سۈرتۈشتۈرۈپ، سۆيىنى ئېلىپ بەرەس ئورنىغا 50 سۈرتسۇن، بەرەسنى ساقايتىدۇ. كەكلىكنىڭ ئۆتىنى شېكەر بىلەن تەڭ 51 ئۈلۈش قىلىپ كۆزگە سۈركىسە، (كۆز) كۆرمىسە كۆرىدۇ، شىپا تاپىدۇ.

## U559 (TID 120) VI

52yana käkäliknüng öṭin alıp qurıṭıp borqa bägilikä 53 qaṭıp ičsär ančma bor bägini ičsär äsürmäz bolur ädgü 54 tävä südükin alıp {qa} bašqa sürṭsär baštaqı käbäki 55 keṭär. kim qal bolsar buɣ(u) suɣun müngüzin yumšaq ögüp suv- 56 qa toqıp ičsär keṭär qulaq saqzı bolsar qaraɣu sıčɣan- 57 nıng öṭin tamızsar ačılur + yana äm ölüg miškičning 58 yaqrısısın ärgüẓüp sürṭsär ačılur yana kiši öṭin 59 alıp börilig közkä sürṭsär ačılur 60 täväning övkäsin quṭırıp soqup älgäp tın bušɣaq

52 يەنە كەكلىكنىڭ ئۆتىنى ئېلىپ بور (شاراب)غا ياكى مەيگە 53 قوشۇپ ئىچسە، ئازراق بور ياكى مەي ئىچسە مەست بولمايدۇ، ياخشى. 54 تۆگىنىڭ سۈيدۈكىنى باشقا سۈركىسە، باشتىكى كېپەكنى 55 يوقىتىدۇ. ئەگەر كىم ساراڭ بولسا بۇغا ياكى مارالنىڭ مۈڭگۈزىنى يۇمشاق ئۆگۈپ سۇغا 56 ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، (ساراڭلىقى) ساقىيىدۇ. قولاق كىرى كۆپىيىپ (ئېتىلىپ) قالسا، قارىغۇ چاشقاننىڭ 57 ئۆتىنى تېمىتسا ئېچىلىدۇ. يەنە بىر داۋاسى ئۆلۈك مۆشۈكنىڭ 58 يېغىنى ئېرىتىپ سۈركىسە ئېچىلىدۇ. يەنە ئادەم ئۆتىنى 59 ئېلىپ بۆرىلىك كۆزگە سۈركىسە ئېچىلىدۇ. 60 تۆگىنىڭ ئۆپكىسىنى[①] قۇرۇتۇپ سوقۇپ، ئەلگەپ، دېمى سىقىلىدىغان (بىمار)–

## U559 (TID 120) VII

61qa ičürsär ädgü bolur qayu kišining qarınta k(ä)nč ölsär 62 一 stır ıt sütin ičürsär tüšär 63 qal ıt tartmıš kišikä ularnıng meyisin yesär ädgü 64 bolur 三 künkäṭägi ač qarınqa birär čan quma yaɣın ičürsär 65 ädgü köz yaruqsuz bolsar üküš tälim yaš aqsar köz üzä 66 sürṭsär y(ä)mä ädgü bolur – qayu kišining kiri arımadın 67 keč[②] aqsar kürküm qonaq meni šıpar[③] birlä borqa 68 qaṭıp ičürsär ädgü bolur öztä ušaq qart 69 ünsär taqıɣu yumurɣasın öt birlä sürṭsär ädgü

16 غا ئىچۈرسە (كېسىلى) ياخشى بولىدۇ. قايسى كىشىنىڭ قورساقتىكى بالىسى ئۆلۈپ قالسا، 26 بىر سىتىر ئىت سۈتى ئىچسە چۈشۈپ كېتىدۇ. 63 غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشىگە (ئەم): ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى يېسە 64 ساقىيىدۇ. ئۈچ كۈن ئۇدا ئاچ قورساققا بىر چىنىدىن زىغىر يېغى ئىچسە[④] 65 ياخشى (بولىدۇ). كۆز نۇرسىزلىنىپ، كۆپ ياش ئاقسا، (زىغىر يېغىنى) كۆزنىڭ ئۈستىگە 66 سۈركىسە، ياخشى بولىدۇ. كىمنىڭ كىرى (ھەيزى؟) توختىماي 76 داۋاملىق كەلسە، زەپەر، قوناق ئۇنىنى ئىپار بىلەن بورىغا 68 ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە ياخشى بولىدۇ. بەدەنگە ئۇششاق جاراھەت چىقسا، 69 توخۇ تۇخۇمىنى ئۆت بىلەن (قوشۇپ) سۈركىسە ياخشى بولىدۇ.

## U559 (TID 120) VIII

70tišni qurṭ yesär bor sirkäsin aɣızta tuṭup birgärtä 71 tökgü ol ädgü bolur – siding kišikä tävä äṭin arpa 72 yar(ı)p yarması birlä ügrä qılıp ičürsär ädgü bolur 73 kimning äṭintä sügül ünsär iki yangıtaqı aynı 74 körmištä ök yerkä sidip tiṭigin alıp sügülkä 75 yaqsar keṭär är kiši är išinkä käḍ bolayın tesär 76 adɣırnıng singirin alıp ušaq toɣrap köligätä 77 qurıṭıp inčkä soqup älgäp ingäk yaɣı böri öṭi 78 birlä qaṭıp uvuṭ ičingä sürṭsär ärliki käḍ bolur

① ياڭ فۇشۇ (2003: 548) ئەسلىي تېكىستتىكى täväning övkäsi نى «تۆگە تېزىكى» (骆驼粪) دەپ تەرجىمە قىلغان.
② ئارات (1930)، ياڭ فۇشۇ (2003: 528) بۇ سۆزنى yič دەپ ئوقۇغان.
③ ئارات (1930)، ياڭ فۇشۇ (2003: 528) بۇ سۆزنى sıpar دەپ ئوقۇغان.
④ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن تاللانما» (1983: 337) بۇ جۈملىنى «ئۈچ كۈنلۈك ئاچ قورساققا بىر قاچا زىغىر مېيىنى ئىچۈرسە» دەپ يەشكەن.

70 چىشنى قۇرت يېسە، بور سىركىسىنى ئېغىزغا ئېلىپ بىردەم تۇرۇپ 71 تۈكۈرۈۋەتسە شىپا بولىدۇ. سىيگەك ئادەمگە تۆگە گۆشىنى ئارپا 72 يارمىسى بىلەن ئۇگرە① قىلىپ ئىچۈرسە ياخشى بولىدۇ. 73 كىمنىڭ بەدىنىگە سۆگەل چىقسا يېڭى چىققان ئىككى كۈنلۈك ئاينى 74 كۆرگەن ھامان يەرگە سىيىپ لېيىنى ئېلىپ سۆگەلگە 75 ياقسا (سۆگەلنى) چۈشۈرىدۇ. ئەر كىشى ئەرلىكنى كۈچلەندۈرمەن دېسە، 76 ئايغىرنىڭ سىڭىرىنى ئۈششاق توغراپ، سايىدا 77 قۇرۇتۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەپ، سېرىق ماي، بۆرە ئۆتى 78 بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ جىنسىي ئەزاسىغا سۈركىسە ئەرلىكى كۈچلىنىدۇ.

## U559 (TID 120) IX

79 börining süngükin tilin qurıṭıp qal ıt tarṭmıš 80 kišikä bašınqa yaqsar ädgü bolur 81 qayu kišikä yavız qart ünsär nušadır toɣraɣu 82 qurt birlä qaṭıp üzä yaqsar ädgü bolur + 83 qan ötgäk čüžüm② quruɣ üẓüm suvı tangda sayu 84 ičürsär ädgü bolur 85 köz ämi bašlatı köz yaruqsuz bolup köztä tälim suvuq yaš 86 aqsar ud ötin közkä sürṭsär köz yaruq bolur 87 yana äm köztä isig yaš aqsar yig šäkär sarıɣ munga 88 čurnı qılıp ingäk yaɣı birlä qaṭıp burunqa qodsar ädgü bolur

79 بۆرىنىڭ سۆڭىكى ۋە تىلىنى قۇرۇتۇپ غالجىر ئىت چىشلىۋالغان 80 ئادەمنىڭ جاراھىتىگە ياقسا③، ياخشى بولىدۇ. 81 بىراۋنىڭ (بەدىنىگە) جاھىل جاراھەت چىقسا، نۆشۈدۈر ۋە توغرىغىنى④ 82 پىشلاق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ جاراھەتكە ياقسا ياخشى بولىدۇ. 83 تەرىتىدىن قان كېلىشكە⑤ (ئەم): ئۈجمە، قۇرۇق ئۈزۈم سۈيىنى ھەر كۈنى ئەتىگەن 84 ئىچسە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. 85 كۆز ئەمى باشلاندى: كۆز غۇۋالىشىپ، كۆزدىن كۆپ چاپاق⑥ ۋە ياش 86 ئاقسا، ئۆينىڭ ئۆتىنى كۆزگە سۈركىسە⑦، كۆز روشەنلىشىدۇ. 87 يەنە ئەم: كۆزدىن ئىسسىق ياش ئاقسا، يىرىك شېكەر، سېرىق ماگگونى 88 تالقان قىلىپ، سېرىق ماي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا كىرگۈزسە ياخشى بولىدۇ.

## U559 (TID 120) X

89 yana äm tavıšɣan meyisin ud öti birlä ingäk yaɣı 90 qaṭıp alınqa sürṭsär ädgü bolur 91 yana äm qızıl čınṭan yürüng čınṭanlar kušṭi topulɣaq sarıɣ küži 92 ikirär baqır čurnı qılıp künčit yaɣı birlä yuɣurup alınqa 93 sürṭsär baš aɣrıɣ keṭär qayu tiši qırṭay körür⑧ bolsar 94 qarlıɣač äṭin yeẓün yana kürküm qonaq meni yıpar 95 bor birlä ičzün yarašur qasıɣ aɣrıɣ äm qarlıɣač uya- 96 sındaqı topraqnı süt birlä qaṭıp ičgü ol + 97 tiš aɣrıɣ äm qara ud mayaqı sirkä birlä 98 čoquraṭıp täpizṭäki tävä mayaqı qıẓıl tuz

89 يەنە بىر ئەم: توشقان مېڭىسى، ئۆينىڭ ئۆتىنى سېرىق ماي 90 بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ پېشانىسىگە سۈركىسە ياخشى بولىدۇ. 91 يەنە ئەم: قىزىل سەندەل، ئاق سەندەل، قۇستى، يانتاق⑨، سېرىق كۈجلەرنىڭ 92 ھەر بىردىن ئىككى باقىردىن ئېلىپ تالقان قىلىپ، كۈنجۈت مېيى بىلەن يۇغۇرۇپ پېشانىگە 93 سۈركىسە، باش ئاغرىقى ساقىيىدۇ. ئايال كىشىنىڭ ھەيز ۋاقتى قىسقىراپ كەتسە، 94 قارلىغاچ گۆشىنى يېسۇن. يەنە زەپەر، قوناق ئۇنى، ئىپارنى 95 بور بىلەن ئىچسۇن، مەنپەئەت قىلىدۇ.

① ئارات (1930) ۋە ياڭ فۇشۆ (2003: 548) ئەسلىي تېكىستتىكى سۆزنى «ئۇماچ» دەپ تەرجىمە قىلغان.

② ئارات (1930) بۇ سۆزنى čüsüm دەپ، كلاۋسون (1972 : 431) čüšüm دەپ ئوقۇغان.

③ ئارات (1930) بۇ جۈملىنى "damit den Kopf des vom tollen Hund gebissen Menschen bestreicht" (غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئادەمنىڭ بېشىغا ياقسا) دەپ تەرجىمە قىلغان.

④ ئارات (1930) nušadır بىلەن toɣraɣu بىرلەشتۈرۈپ "Salmiaksalz" (نۆشۈدۈر) دەپ تەرجىمە قىلغان.

⑤ ياڭ فۇشۆ (2003: 548) بۇ جۈملىنى قان تۈكۈرۈش (咯血) دەپ تەرجىمە قىلغان.

⑥ ئارات (1930) ئەسلىي تېكىستتىكى suvuq سۆزنى "kalte" (سوغۇق) دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇ سۆز ھەققىدە كلاۋسون لۇغىتى 786 ـ بەت ۋە «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسى» 177 ــ 178 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑦ ياڭ فۇشۆ (2003: 548) بۇ جۈملىنى «ئۆي ئۆتىنى كۆزگە تېمىتسا» (将牛胆汁滴入眼中) دەپ تەرجىمە قىلغان.

⑧ ئارات (1930) بۇ سۆزنى qırḍı kičirir دەپ ئوقۇپ، مەنىسى ئېنىقسىز سۆز قاتارىدا بىرتەرەپ قىلغان.

⑨ ئارات (1930) ۋە ياڭ فۇشۆ (2003: 548) بۇ سۆزنى «سىپرىس ئوتى» (Zypresse) ۋە «ئارچا دەرىخى» (柏树) دەپ تەرجىمە قىلغان.

قاسىغ (گۆرەن)[1] يالاڭلۇغىغا ئەم: قارلىغاچ ئۇۋىسىدىكى 96 توپىنى سۈت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە پايدا قىلىدۇ. 97 چىش ئاغرىقىغا ئەم: قارا ئۇيىنىڭ تېزىكىنى سىركە بىلەن 98 قايىنىتىپ، (ياكى) شورتاڭ يەردىكى[2] تۆگە تېزىكىنى قىزىل تۇز

**U559 (TID 120) XI**

99 birlä soqup bor birlä bulɣap ešičtä isiṭip böz qapčuq- 100 ta urup künčit yaɣı suqup tiš üzä urzun 101 sarıɣ ärük uruɣı soqup bor sirkäsi birlä aɣızta 102 tuṭsar sönär = bäẓgäk äm böri mayaqı ud sigi[3] birlä 103 ičürsär keṭär = k(ä)nč oɣlan qoraɣluɣ bolsar äšgäk 104 tüṣini[4] bašında urzun qoranmaz bolur = 105 süt käḍ bolɣu äm yörgäy quası beš baqır suvqa 106 qayınturup suvın süẓüp alıp yaɣ süt birlä 107 qayınturup ičürẓün käḍ bolur kim bošlunu umasar yu(v)qa qadız 108 könä suvı birlä qaṭıp ičsär qarınınṭa oɣul ölmiš ärsär

99 بىلەن سوقۇپ يۇمشىتىپ، بور بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قازاندا قىزىتىپ، بۆز قاپچۇققا 100 سېلىپ، كۈنجۈت مېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چىش ئۈستىگە قويسا شىپا بولىدۇ. 101 سېرىق ئۆرۈكنىڭ مېغىزىنى سوقۇپ، بور سىركىسى بىلەن ئېغىزدا 102 تۇتسا، (ئاغرىق) يانىدۇ. بەزگەككە ئەم: بۆرە مايىقىنى ئۇي سۈيدۈكى بىلەن 103 ئىچۈرسە ساقىيىدۇ. كەنجى بالا ئاۋاق بولسا، ئېشەك 104 تۈكىنى[5] بېشىدا قويسۇن، ئاۋاقلىققا شىپا بولىدۇ. 105 سۈتنى كۆپەيتىشكە ئەم: يۆگەي گۈلىدىن بەش باقىرنى سۇدا 106 قايناتقاندىن كېيىن سۈيىنى ئېلىپ، ماي ۋە سۈت بىلەن 107 قايىنىتىپ ئىچسە، (سۈت) كۆپىيىدۇ. ئەگەر كىمكى بوشىنالماي قالسا، قوۋزاقدارچىننى 108 سىماب سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قورساقتىكى بالا ئۆلۈك بولسىمۇ

**U559 (TID 120) XII**

109 yämä äsän oẓar yana äm yılan qaẓıqın köyürüp külin alıp 110 bor birlä ičürgü ol äsän bolur kim tüšüräyin tesär yarım baqır 111 yürüng küẓi beš baqır qara küẓi birlä soqup älgäp mün 112 birlä içgü ol quruɣ baqanı qayınturup suvın ičgül ol 113 qavırmıš künčit yar tuzı isig suvqa yaẓıp ičgü (ol) 114 äsän bolur yılan täriṣin tört bältirtäki topraq mır 115 ud öti sirkä birlä qaṭıp ičgü ol ölmiš k(ä)nč ärsär 116 y(ä)mä tüšgäy yana ıt tüsi tavıšɣan tüsi köyürüp 117 bičäk učında topraq birlä qaṭıp suvta yaẓıp 118 {yaẓıp} ičgü ol ongay tuɣurur

109 سالامەت بوشىنىدۇ. يەنە ئەم: يىلان تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى ئېلىپ، 110 بور بىلەن ئىچسە ئاسان بوشىنىدۇ. كىمكى (هامىلىنى) چۈشۈرىمەن دېسە، يېرىم باقىر 111 ئاق كۈجىنى بەش باقىر قارا كۈجە بىلەن سوقۇپ، ئەلگەپ شورپا 112 بىلەن ئىچسە بولىدۇ. قۇرۇق پاقىنى[6]قايىنىتىپ سۈيىنى ئىچسۇن. 113 قورۇلغان كۈنجۈت ۋە يار تۇزىنى ئىسسىق سۇدا ئېزىپ ئىچسۇن، 114 ئاسان بولىدۇ. يىلان تېرىسىنى تۆت كوچا ئېغىزىدىكى توپا، هەسەل، 115 ئۇيىنىڭ ئۆتى بىلەن قوشۇپ ئىچسۇن، ئۆلۈك هامىلە بولسىمۇ 116 چۈشۈپ كېتىدۇ. يەنە ئىت تۈكى، توشقان تۈكىنى كۆيدۈرۈپ 117 (كۈلىنى) پىچاق ئۇچىدا توپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ[7]، سۇدا ئېزىپ 118 ئىچسە ئوڭاي تۇغىدۇ.

[1] ئارات (1930) ئەسلىي تېكىستتىكى بۇ سۆزنى "Unterleibsleiden" (قورساق ئاغرىقى) دەپ تەرجىمە قىلغان بولسا، ياڭ فۇشۆ (2003: 549) «تېرە كېسىلى» دەپ تەرجىمە قىلغان.

[2] ئارات (1930) ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن تاللانما» täpiz سۆزىنى «يايلاق» دەپ تەرجىمە قىلغان.

[3] ئارات (1930) بۇ سۆزنى sik دەپ، كلاۋسون (1972: 801) si<dü >k دەپ ئوقۇغان.

[4] ئارات (1930) بۇ سۆزنى tözin دەپ ئوقۇپ، مەنىسى ئېنىقسىز سۆزلەر قاتارىدا بىرتەرەپ قىلغان.

[5] ياڭ فۇشۆ (2003: 549) بۇ سۆزنى «ئېشەك تۇيىقى» (驴蹄) دەپ تەرجىمە قىلغان.

[6] ئارات (1930) ئەسلىي تېكىستتىكى baqa نى bara دەپ ئوقۇپ، مەنىسى ئېنىقسىز دەپ ئېنىقلىغان. «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن تاللانما» ۋە ياڭ فۇشۆ (2003: 549) مۇ ئوخشاشلا bara دەپ ئوقۇپ، «ئاناناس» (菠萝) دەپ تەرجىمە قىلغان.

[7] «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن تاللانما» (1983: 342) بۇ جۈملىنى «كۈلىنى پىچاق ئۇچىدىكى توپا بىلەن قوشۇپ» دەپ تەرجىمە قىلغان.

**U559 (TID 120) XIII**

119 ämig šıšıp ayrısar sarıγ munga yasımuq meni 120 qulum qua yürüng men kiši süti birlä yuγurup 121 yaqsar šıšı ayrıγı keṭär tiši kiši kin ayrıγlıγ 122 bolsar kändir šıqnı üč öngi käsip bir čan bor 123 iki čan suv birlä čoquraṭıp ingäk yaγı birlä yaqsar 124 sönär kimning közin ayızın yel tarṭıp qıyıq qılmıš 125 ärsär qunduz qayırı suvta kenläp türṭzün köẓüngütä 126 körzün = qan tomurmaqqa äm yaš tananı soqup 127 suvın alıp üč qaṭa burunqa tamıẓγu ol

119 ئەمچەك ئىششىپ ئاغرىسا، سېرىق ماڭگو، يېپىسمۇق ئۈنى، 120 قاپاق چېچىكى، ئاق ئۈنلارنى ئادەم سۈتى بىلەن يۇغۇرۇپ، 121 (ئەمچىكىگە) ياقسا ئىششىق ۋە ئاغرىق يانىدۇ. ئايال كىشىنىڭ كىندىكىدە[①] ئاغرىق 122 بولسا، كەندىر شېخىنى ئۈچ پارچە قىلىپ كېسىپ، بىر قاچا بور، 123 ئىككى قاچا سۇ بىلەن قاينىتىپ، سېرىق ماي بىلەن قوشۇپ ياقسا 124 شىپا بولىدۇ. كىمنىڭ ئاغزى، كۆزى يەلدىن مايماق بولۇپ 125 قالسا قۇندۇز قايىرنى سۇدا ئېزىپ سۇرتسۇن، ئەينەككە 126 قارىسۇن. (بۇرۇن) قانىغانغا ئەم: ياش يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىنى سوقۇپ، 127 سۈيىنى چىقىرىپ بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم تېمىتسا شىپا قىلىدۇ.

**U559 (TID 120) XIV**

128kim qan qašansar soγunnı bıšurup mır birlä yesär keṭär 129 qan tomurmaqqa äm kirpi tärişin köyürüp külin burunqa 130 yürsär tıdılur yana äm yılan baši munčuqnı köyürüp 131 yumšaq soqup lalap burunqa yürsär tıdılur 132 yana äm künčit yaγı opo birlä qaṭıp burunnı arıγ yup 133 burunqa suqsar arṭuq ädgü bolur + 134 tiš ayrıγqa äm qara mırč bir baqır sirkä birlä 135 qayınturup suvuq qılıp ayızta tuṭsar tiš ayrıγ keṭär 136 yana äm bıšıγ singirni suv birlä qayınturup

128 كىم قان سىيسە، سۆڭپىيازنى پىشۇرۇپ ھەسەل بىلەن يېسە شىپا بولىدۇ. 129 (بۇرۇن) قاناشقا ئەم: كىرپە تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى بۇرۇنغا 130 كىرگۈزسە (قان) توختايدۇ. يەنە ئەم: يىلان بېشى مۇنچاقنى[②] كۆيدۈرۈپ 131 يۇمشاق سوقۇپ، ئېزىپ بۇرۇنغا كىرگۈزسە (قان) توختايدۇ. 231 يەنە ئەم: كۈنجۈت يېغىنى ئۈپا بىلەن قوشۇپ، بۇرۇننى پاكىز يۇيۇپ، 133 بۇرۇنغا كىرگۈزسە تېزلا شىپا قىلىدۇ. 134 چىش ئاغرىقىغا ئەم: بىر باقىر قارا مۇچنى سىركە بىلەن 135 قاينىتىپ، سوۋۇغاندا ئېغىزغا ئالسا چىش ئاغرىقى توختايدۇ. 136 يەنە ئەم: قۇرۇق زەنجىۋىلنى سۇدا قاينىتىپ،

**U559 (TID 120) XV**

137 ayızta tuṭsar sönär – adaq ayrıγqa äm künčitig 138 qavırup län soqup qoyn süti birlä qaṭıšturup ayrıγ 139 yerkä yaqsar yel tözlüg ayrıγ öngäḍür + 140 qarınta ölmiš känčkä äm ıt süti bor birlä 141 ičsär tüšär + burun ičinṭä äṭ ünüp tın alu 142 umasar ayrısar qıẓıl bayır ikisin yar tuzı birlä 143 inčkä kenläp mırqa yuγurup burun ičinṭä ursar öngädür + 144 tumaγu bolup keṭmäsär soγun saqalı saṭun saqalı birlä 145 soqup saγ yaγqa yuγurup isläsär alqu tumaγuqa yarašur 146 kim üni büṭüp ädgüti boš ünmäsär bir sunča budanı

137 ئېغىزىدا تۇتسا ئاغرىق يانىدۇ. پۇت ئاغرىقىغا ئەم: كۈنجۈتنى 138 قورۇپ، يۇمشاق سوقۇپ قوي سۈتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاغرىق 139 يەرگە ياقسا، يەلدىن بولغان ئاغرىق ساقىيىدۇ. 140 قورساقتا ئۆلۈپ قالغان بالىغا ئەم: ئىت سۈتىنى بور بىلەن 141 ئىچسە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇرۇن ئىچىدە گۆش ئۈنۈپ نەپەس ئالالمىسا، 142 ئاغرىسا، جىگەرنى يار تۇزى بىلەن 143 يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇن ئىچىگە تىقسا شىپا بولىدۇ. 144 زۇكام بولۇپ ساقايمىسا، سۆڭپىياز ساقىلىنى سامساق ساقىلى

① ئارات (1930) ۋە ياڭ فۇشۆ (2003: 549) ئەسلىي تېكىستتىكى kin سۆزىنى «كۆپىيىش ئەزاسى» دەپ تەرجىمە قىلغان.
② ياڭ فۇشۆ (2003: 550) ئەسلىي تېكىستتىكى yılan baši munčuq نى «يىلان بېشى» ۋە «مۇنچاق» ئىككى سۆزگە ئايرىپ تەرجىمە قىلغان.

بىلەن بىللە 145 سوقۇپ، سىرىق مايدا يۇغۇرۇپ ئىسلىسا، ھەرخىل زۇكامغا مەنپەئەت قىلىدۇ. 146 كىمنىڭ ئۇنى پۇتۇپ ئاۋازى ياخشى چىقمىسا، بىر سۆڭ ئۇزۇنلۇقتىكى بۇيا (شىخى)نى

## U559 (T I D 120) XVI

147 tüz oṭura yarıp oṭurasın azqya oyup oy qılıp 148 anga qıṭay sımıqın anča munča suqup anıng ičinṭä 149 üč tört ävin yarma munčuq murč y(ä)mä urup 150 budanı qavšurup yıp birlä yörgäp tašınga kägdä yörgäp 151 isig külkä kömüp ädgüṭi čaqlıɣ čıng bolmıšta 152 kägdäsin keṭärip öngdün tišning ikin oṭura tišläp 153 tuṭup aɣızın ačmatın yusın singürgül iki üč qaṭa 154 munıṭäg qılsar käzä uz ačılur sınamıš äm ol 155 köz aɣrıɣ ämi köz küčsiräp yaš aqsar balıq öṭin

147 دەل ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ، يارما ئوتتۇرىسىنى ئازراق ئويۇپ، 148 قىتان سىمىقىدىن ئازراق سېلىپ، ئۇنىڭغا 149 يەنە ئۈچ ـ تۆت ئۈچ كېپەك مۈچ قوشۇپ 150 بۇيا شىخىنى جىپسىلاپ، يىپ بىلەن يۆگىگەندىن كېيىن سىرتىغا قەغەز ئوراپ، 151 ئىسسىق كۈلگە كۆمۈپ ياخشى چىڭىغان چاغدا 152 قەغىزىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇدۇل چىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىشلەپ، 153 ئاغزىنى ئاچماي تۇرۇپ شىرىنىسىنى شورىسۇن، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم 154 موشۇنداق قىلسا ئاۋازى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. بۇ سىنالغان ئەم. 155 كۆز ئاغرىق ئەمى: كۆز ئاجىزلىشىپ ياش ئاقسا، بېلىق ئۆتىنى،

## U559 (T I D 120) XVII

156 közkä alın(qa) sürṭsär ädgü bolur – köz län bolup 157 körmäsär čüvitni suvqa simläp kenläp alınqa 158 sürṭsär ädgü bolur baš aɣrıɣ ämi qızıl yürüng 159 čınṭanlar pitpidi ingäk yaɣı birlä qaṭıp alınqa 160 sürṭsär baš aɣrıɣ keṭär yana äm künčit yaɣı 161 yıpar birlä azqya yılıṭıp burun(qa) qudsar keṭär 162 tın bušɣaqqa äm karba tübin yumɣaqı iki baqır 163 bıšıɣ singir iki baqır tüz čurnı qılıp tangta sayu 164 bor sorma birlä ičürsär tın bušɣaq öṭür ig keṭär

156 كۆزگە، پېشانىگە سۈركىسە شىپا بولىدۇ. كۆز شەلۋەرەپ 157 كۆرمىسە، ئوسمىنى ئېزىپ سۇغا سىقىپ، پېشانىگە 158 سۈركىسە مەنپەئەت قىلىدۇ. باش ئاغرىقىغا ئەم: قىزىل، ئاق 159 سەندەللەرنى پىلپىل، سىرىق ماي بىلەن قوشۇپ پېشانىگە 160 سۈركىسە باش ئاغرىقى ساقىيىدۇ. يەنە ئەم: كۈنجۈت يېغىنى 161 ئىپار بىلەن ئازراق ئىسسىتىپ بۇرۇنغا قۇيسا (باش ئاغرىقى) ساقىيىدۇ. 162 دەم سىقىلىشقا ئەم: ئىككى باقىر كاۋا پېلىكى يىلتىزى، 163 ئىككى باقىر قۇرۇق زەنجىۋىلنى تەڭ (ئۇلۇش) تالقان قىلىپ، ھەركۈنى ئەتىگەن 164 بور (ياكى) شاراب بىلەن ئىچسە، دەم سىقىلىشقا شىپا بولۇپ، ئاغرىقنى ساقايتىدۇ[①].

## U559 (T I D 120) XVIII

165 qaɣuq sızlaɣqa äm karba t[ü]bi arırı tınbar yusı 166 sıpat tüz ülüš soqup lalap ingäk süṭin bir 167 baqır aẓu yarım baqır toqıp ičgül yarašur 168 qoṭur ämin ayalım yulduryа[②] quasın yašın yumšaq soqup 169 bir qašuqča alıp bir uluɣ qadıng yurɣutqa 170 bulɣap ač qarınqa ičgül keṭär yana quruɣın bir baqır 171 yinčkä soqup lalap usaqı yangča ičgül artuq ičsär 172 bolmaz yana čıqu tašın inčkä soqup lalap baqır 173 ešičtä sarɣarɣınča qaɣurup künčit yaɣınqa bulɣap

165 دوۋساق ياللۇغىغا ئەم: كاۋا يىلتىزى، ھېلىلە، تىنبار شىرنىسى[③]، 166 يۇمغاقسۈتنى تەڭ ئۇلۇش سوقۇپ ئېزىپ، كالا سۈتىدىن بىر 167 باقىر ياكى يېرىم باقىر بىلەن ئىچسە مەنپەئەت قىلىدۇ.

---

① ياڭ فۇشۆ (2003: 551) ئەسلىي تېكىستتىكى tın bušɣaq öṭür ig keṭär نى «دەم سىقىلىش، ئىچى سۈرۈشنى ساقايتىدۇ» (气喘腹泻可愈) دەپ تەرجىمە قىلغان.

② ئارات (1930) بۇ سۆزنى yolduryan دەپ ئوقۇپ، مەنىسى ئېنىقسىز سۆز قاتارىدا بىر تەرەپ قىلغان.

③ ياڭ فۇشۆ (2003: 551) بۇ ئىككى سۆزنى بىرلەشتۈرۈپ «يېڭى ھەسەل شىرنىسى» (鲜蜂蜜汁) دەپ تەرجىمە قىلغان.

168 قوتۇرنىڭ ئەمنى ئېيتىپ بېرەيلى: چوڭ خوخىنىڭ چېچىكى ۋە يوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ 169 بىر قوشۇقچە ئېلىپ، ئۇنى چوڭ بىر ئاياق قېتىقتا 170 ئارىلاشتۇرۇپ ئاچ قورساق ئىچسە (قوتۇرنى) ساقايتىدۇ. يەنە قۇرۇق (خوخا)دىن بىر باقىرنى 171 يۇمشاق سوقۇپ، ئۇسسۇزلۇقى قانغۇچىلىك ئىچسۇن، ئارتۇق ئىچسە 172 بولمايدۇ. يەنە چىقۇ (دېندروبىئوم ئوتى) نىڭ پوستىنى يۇمشاق سوقۇپ، مىس 173 قازاندا سارغايغۇچە قورۇپ، كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ،

**U559 (TID 120) XIX**

174 türtsär keṭär yana qoṭur ämi ač qarınta tonguz öṭi 175 üč tang birlä ičsär qoṭur keṭär sınamıš äm ol 176 yana ät makvira bolsar saṭunnı yančıp iki qulaqın- 177 qa tolu tıqsar keṭär ayız y(e)l ämi qač quruɣ serkni 178 bıšurup bir kečä taštın salqımqa tägürüp ikinti kün 179 alıp otqa köyürüp kül qılıp yumšaq kenläp qartqa 180 basurɣu ol ädgü bolur yana qayu kiši attın {s'} tüšüp 181 qamča yep tamtın tüšüp iči bärṭinmiškä qan tomurmı[š]- 182 qa äm taqıɣu yumurṭɣasınča toɣraq toɣraɣusın

174 سۈركىسە (قوتۇر) ساقىيىدۇ. يەنە قوتۇرغا ئەم: ئاچ قورساققا توڭگۇز ئۆتىنى 175 ئۈچ كۈن ئەتىگەن ئىچسە، قوتۇر ساقىيىدۇ. بۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئەم. 176 يەنە بەدەنگە ماكۇۋرا چىقىپ قالسا، سامساقنى ئېزىپ ئىككى قۇلاققا 177 تولدۇرۇپ تىقسا شىپا بولىدۇ. يەللىك ئېغىز يارىسىغا ئەم: بىر نەچچە پارچە قۇرۇق كاھىشنى(؟) 178 سۇدا قاينىتىپ بىر كېچە سىرتتا سالقىنلىتىپ، ئىككىنچى كۈنى 179 ئېلىپ ئوتتا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ، يۇمشاق سوقۇپ جاراھەتكە 180 باسسا ساقىيىپ كېتىدۇ. يەنە كىم ئاتتىن يىقىلىپ، 181 قامچا يەپ ياكى تامدىن چۈشۈپ كېتىپ ئىچكى (ئەزاسى) زەخىملەنسە، قان قۇسسا 182 ئۇنىڭ داۋاسى: توخۇ تۇخۇمىدەك توغراق توغرىغىسىنى

**U559 (TID 120) XX**

183 yumšaq soqup lalap qa[t]ıq(? ) birlä ičürsär q[an] 184 öṭüp ädgü bolur sınamıš äm ol yana boɣmaq bols[ar] 185 (toɣraq toɣraɣusın) yumšaq soqup boɣuzınga yürsär qamıš birlä ädgü bol[ur] 186 yana ič kögüzkä nuqutčanı yumšaq soqup suvıq s[uv] 187 birlä ičürsär ädgü bolur boɣuz ičinṭä qart bolup 188 yarılmasar äm tengšüni köyürüp kül qılıp boɣuz ič[ingä] 189 yürsär yarılur ayıztın yürgü ol 190 yana öṭürkä äm ıt burunnıng qaẓıqı bir baqır 191 čüžüm sögütning yürüng qaẓıqı bir baqır buda tübi

183 يۇمشاق سوقۇپ ئېزىپ، دورا ـ دەرمەك بىلەن ئىچسە، 184 (ئۇيۇل قانلار) ئۆتۈپ كېسىلى شىپا تاپىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن ئەم. يەنە نەپسى قىستىسا، 185 (توغراق توغرىغىسىنى) يۇمشاق سوقۇپ، قومۇش بىلەن بوغۇزغا يۈرسە مەنپەئەت قىلىدۇ. 186 يەنە كۆكرەك ئىچىدە (ئاغرىق بولسا) نۇقۇتچىلىك (توغرىغىنى) يۇمشاق سوقۇپ سۈيۈقلۇق (ياكى) سۇ[②] 187 بىلەن ئىچسە ساقىيىدۇ. بوغۇزىغا جاراھەت چىقىپ 188 ئېغىز ئالمىسا ئۇنىڭ داۋاسى: تېگشۈنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى بوغۇزغا 189 يۈرسە ئېغىز ئالىدۇ، ئېغىزدىن يۈرسۈن. 190 يەنە ئىچى سۈرۈشكە ئەم: ئىت بۇرنى (كاشىم) نىڭ پوستىدىن بىر باقىر، 191 ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاق قوۋزىقى بىر باقىر، بۇيا تۈپى[③]

① ئەسلىي تېكىستتىكى yulduɣa quasın yašın دېگەن بىرىكمىنى ئارات (1930) «يېڭى يولدۇزغان چېچىكى»، يالڭ فۇشۇ (2003: 551) «يولدۇزغان غۇنچىسى» دەپ تەرجىمە قىلغان.

② ئارات (1930) يالڭ فۇشۇ (2003: 551) «سوغۇق سۇ» دەپ تەرجىمە قىلغان.

③ ئارات (1930) «ئۈزۈم تۈپى»، يالڭ فۇشۇ (2003: 552) «ئۈزۈم پېلىكى» دەپ تەرجىمە قىلغان.

**U559 (T I D 120) XXI**

192 bir baqır [bädü]k qadıng suvqa bir [ ] 193 salıp bir qadın[g ] qalmıšta bu üč bu/[ ] 194 birgärü salıp qayın[tur]up ičgül nägü kim [ ] 195 kečä yaṭmıšta ičg[ül] sın(a)mıš äm ol t[iši kišining] 196 ämigi šıšıp [ayrısar] tengč[ü]nıng to[γrayusı](? )- 197 nı burčaqča yum[šaq soqup ] 198 ičürsär ädgü bolur [ ] 199 yivtini usaqı [yangča ičgül ] 200 qayu kiši ätin(? )t[ä ] 201 [ ] sıγ ä[m ]

192 بىر باقىر، چوڭ قاچىدىكى سۇغا ... 193 سېلىپ بىر قاچا ... قالغاندا، بۇ ئۈچ ... 194 بىللە سېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، مەيلى قانداق ... 195 كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىچسۇن، بۇ سىناقتىن ئۆتكەن ئەم. ئايال كىشىنىڭ 196 ئەمچىكى ئىششىپ ئاغرىسا، تېڭچۇنىڭ توغرىسىنى (؟) 197 پۇرچاقچىلىك چوڭلۇقتا سوقۇپ ... 198 ئىچسە شىپا بولىدۇ ... 199 يىۋتىنى ئۇسسۇزلۇقى قانغۇچىلىك ئىچسۇن ... 200 كىمنىڭ بەدىنىدە ... 201 ... نىڭ داۋاسى: ...

### 3. رىسالىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك ئىزاھاتى

01 täm : بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، پۈتۈن ۋەسىقىدە پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈلىدۇ. ياڭ فۇشۆ (2003: 536) ئەسلىي قول يازمىدىكى t'm نى tam دەپ ئوقۇپ، بۇ سۆزنى خەنزۇچە "汤" خېتىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئىزاھلىغان. ھالبۇكى، "汤" خېتىنىڭ قەدىمكى ئاھاڭى tʰang (پۇللىبىلانك 1991 : 302) بولۇپ، بۇ خىل دىماق يۇنمۇ ئاھاڭىدىكى خەنزۇچە سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىغا قوبۇل قىلىنغاندا، دىماق تاۋۇشلىرى بىردەك چۈشۈپ قېلىش بىلەن بىللە سۆز تەركىبىدىكى a تاۋۇشى o غا ياكى ou غا ئۆزگىرىدۇ. مۇشۇ بويىچە بولغاندا خەنزۇچە "汤" tʰang خېتى قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا to ياكى tou بولۇپ كىرىدۇ، tam بولۇپ كىرمەيدۇ (شوگايتو 2003 : 134 بەتكە قاراڭ). «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە3 ـ توم 187 ـ بەت)، «قۇتادغۇ بىلىك» (2098 ـ مىسرا) ۋە كلاۋسون لۇغىتى (1972 : 503) دە tim دەپ بىر سۆز بولۇپ، «دىۋان» دا بۇ سۆز «تورسۇق، ئۇسسۇزلۇق قاچىلايدىغان تۇلۇم» دەپ ئىزاھلانغان ۋە بۇ سۆزدىن ياسالغان «مەيپۇرۇش، ئىچىملىك ساتقۇچى» مەنىسىدىكى timči سۆزى بېرىلگەن. كونتېكستتا ئاساسلانغاندا مەزكۇر قۇردىكى t'm نىڭ بىر خىل ئىچىملىك بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شۇڭلاشقا، بىز بۇ سۆزنى täm دەپ ئوقۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. täm ئېھتىمال tim نىڭ تاۋۇش ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردىكى t'm بۇزۇلغان ئالدىنقى قۇردىكى «ئوخشاش، قۇربىنىڭ يېتىشىچە» مەنىسىدىكى birtäm (كلاۋسون لۇغىتى1972 : 358) سۆزىنىڭ كېيىنكى يېرىمى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

03 ـ 1 čurnı/čürni : بۇ سۆز «پاراشوك، تالقان» (كلاۋسون لۇغىتى430 ـ بەت) مەنىسىدە بولۇپ، سانسكرىتچە cūrṇa (مونئېر 1899 :401 ؛ ئارات 1930 :16 ) سۆزىدىن كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ توخرى تىلى B دىكى شەكلى cūrṃ (ئادامس (1999 : 255). čurn سۆزى «دىۋان» (ئۇيغۇرچە 1 ـ توم 566 ـ بەت)، «قۇتادغۇ بىلىك» (1064 ـ، 2887 ـ مىسرالار)دا كۆرۈلگەن بولۇپ، «سۈرگە دورىسى» دەپ ئىزاھلانغان.

03 ـ 2 nara : ئانار. بۇ سۆز پارسچە anar (شتائىنگاس: 2006 : 103) سۆزىدىن ياكى سوغدچە nārāk>n'r'kh (غارىب : 5808 ) سۆزىدىن كەلگە بولۇشى مۇمكىن.

04 ـ 1 bıšıγ singir : ئارات (1930، 1932)، ياڭ فۇشۆ (2003) ۋە « قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلاردىن تاللانما» (1983) بۇنى خاتا ھالدا «پىششىق پەي، پىششىق سىڭىر» دەپ تەرجىمە قىلغان. بايلى (1953) بۇ سۆزنى «پىشۇرۇلغان زەنجىۋىل» دەپ تەرجىمە قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە «سىدداسارا» (تېبابەت جەۋھەرلىرى)دە سانسكرىتچە «قۇرۇق زەنجىۋىل» مەنىسىدىكى viśva، nāgaram، śuṇthī سۆزلىرى بىلەن ئۇدۇل كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، singir سۆزىنىڭ ھىندىچە śṛngavera (مونئېر1899 :1087 ؛ بايلى1953 :54 ) سۆزىدىن كەلگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇنىڭدىن پەرقلىق ھالدا ئارات ئىشلىگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر»نىڭ ئىككىنچى توم 35 ـ قۇردا šakabir سۆزى ئۇچرايدىغان بولۇپ «خام زەنجىۋىل» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «خام زەنجىۋىل» قارۇشتى يېزىقىدىكى تېببىي ۋەسىقىلەردىمۇ śiṃgavera (بايلى1961 :10 ) ياكى śişmgavera (چېن مىڭ 2002 :127 ) شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

04 ـ 2 sırıčaγan/sırı[n]čaγan : ئارات (1930) بۇ سۆزنى sırıčaqan دەپ ئوقۇپ مەنىسى ئېنىقسىز سۆز قاتارىدا بىرتەرەپ قىلغان. «دىۋان» (ئۇيغۇرچە 3 ـ توم 200 ـ بەت)دا qat (قات) دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھاتتا sinčγan دېگەن بىر سۆز ئۇچرايدۇ. «دىۋان»نىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسى (2 ـ توم 223 ـ بەت)دە بۇ سۆز «تىكەنلىك توخۇمەك» (acacia) دەپ، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىسى (3 ـ توم

141 ـ بەت)دا «قارىنقات ياكى قىزىلقات» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. كلاۋسون لۇغىتىدە (1972: 836) بۇ سۆز sančyan دەپ ئوقۇلغان ۋە -sanč پېئىلىدىن ياسالغان دەپ كۆرسىتىلگەن. ئېرال «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسى» (86 :1991)دە، كلاۋسوننىڭ بۇ سۆزنى sinčyan ئوقۇشى ۋە ئېتىمولوگىيىلىك ئىزاھلىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەزكۇر قۇردا كۆرۈلگەن sınčayan ئېھتىمال «دىۋان»دىكى sinčyan خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك.

06 ـ 1 ankabuš : «ھەسەل، ئەنجۈدان» مەنىسىدە بولۇپ، توخرى B تىلىدىكى (ankwaş(ţ (ئادامس1999 :7 )دىن كەلگەن، سانسكرىتچە hingu (ئارات 1930 :16 ؛ چېن مىڭ 2002 :39) دەپ ئاتىلىدۇ. ئارات (1930) ۋە ياڭ فۇشۆ (2003 :525) بۇ سۆزنى änkäbüš دەپ ئوقۇغان ھەمدە ئايرىم ـ ئايرىم توخرىچە ankwaş ۋە ankwa دىن كەلگەن دەپ ئىزاھلىغان. بۇ سۆزنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە رۆھبۆرنىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» (1977 :145) ۋە لاۋفېرنىڭ «جۇڭگو ـ ئىران قىسمى» (2015 :191) گە قاراڭ.

06 ـ 2 baqır : ئەسلىي «مىس، مىس يارماق» مەنىسىدە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېببىي ۋەسىقىلەردە ئېغىرلىق بىرلىكى قىلىپ قوللىنىلغان. مەزكۇر بىرلىكنىڭ ئېغىرلىقى خەنزۇچە ئېغىرلىق بىرلىكى "钱" (مىسقال) بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئون باقىر بىر سىتىر (سەر)گە تەڭ كېلىدۇ (كلاۋسون 1972 :317 ).

06 ـ 3 sukšumur : كىچىك قاقىلە مەنىسىدە، توخرى تىلى B دىكى sukşmel (ئادامس: 1999 : 695 )دىن كەلگەن. ھالبۇكى، ئارات (1930 :17) بۇ سۆزنى سانسكرىتچە sūkşmāilā دىن كەلگەن دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇنىڭدىكى sūkşma «كىچىك، ئۇششاق» مەنىسى، ela «قاقىلە» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ (چېن مىڭ : 2002 : 129). بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 476 ـ بۆلىكىدە sudımıka sukšumur شەكلىدە ئۇچرايدۇ ۋە خەنزۇچە ئەسلىي نۇسخىدىكى "细豆蔻 ( 泣迷 )" بىلەن ئۇدۇللىشىدۇ (تىرىپىتاكا 16 ـ توم 435 ـ قۇر).

07 ـ 1 murč/mırč : مۇچ مەنىسىدە، سانسكرىتچە maricā (ئارات 1930 : 17 ؛ كلاۋسون 1972:771 ) سۆزىدىن كەلگەن. بۇ سۆز «دىۋان» (ئۇيغۇرچە 1 ـ توم 447 ـ بەت)دا murč شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.

07 ـ 2 pitpidi/p(i)tp(i)di : پىلپىل مەنىسىدە. بۇ سۆزنىڭ سانسكرىتچىسى pippalī (ئارات 1930 :17 )، توخرىچە B شەكلى pippāl (ئادامس1999 : 386 ) بولۇپ، «دىۋان» (ئۇيغۇرچە 1 ـ توم 561 ـ بەت)دا bibli شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە كلاۋسون لۇغىتى (1972 :300) ۋە لاۋفېرنىڭ «جۇڭگو ـ ئىران قىسمى» (2015 :216)گە قاراڭ.

09 šäkär : شېكەر، پارسچە šäkär (شتائىنگاس 2006 :752 )دىن كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ سانسكرىتچە شەكلى śakkarā (چېن مىڭ 2002 : 129 )، توخرىچە B شەكلى śakkarā (ئادامس 1999 : 620).

16 bir paţır ayaq bor : بىر ئاياق بور (ئۈزۈم ھارىقى)، بۇ بىرىكمىدىكى paţır سۆزى سوغدىچە p’ttr دىن كەلگەن بولۇپ، سانسكرىتچە pātra (ئارات 1930 :17 ؛ كلاۋسون 197 :307 )، توخرىچە B شەكلى pātro بولۇپ، ھەممىسى «ئاياق، چوڭ قەدەھ» دېگەن مەنىدە.

31 men : ئۇن دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز خەنزۇچە "面" mjɛn´ (پۇللېيبلانك1997 :214 )دىن كەلگەن. بۇ ۋەسىقىدە yürung men (ئاق ئۇن)، qara men (قارا ئۇن)، qonaq meni (قوناق ئۇنى) قاتارلىق ئۈچ خىل ئۇن كۆرۈلىدۇ.

48 bäţigän : پېتىنگەن. بۇ سۆز پارسچە bātingān (شتائىنگاس2006 : 136)دىن كەلگەن. ئارات (1930) ۋە گابائىن (1950 :262) دە ئەسلىي تېكىستتىكى p’dyk’n نى badıyan دەپ ئوقۇغان. «دىۋان» (ئۇيغۇرچە 1 ـ توم 583 ـ بەت)دا bütügä دەپ بىر سۆز كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ «پېتىنگەن» ئەينى دەۋردىكى باشقىچە ئاتىلىشى بولسا كېرەك.

62 stır/ sıtır : ئېغىرلىق بىرلىكى، سەر مەنىسىدە. بۇ سۆز سوغدىچە st’yr > stēr (غارىب 8991)دىن كەلگەن بولۇپ، سوغدىچە stēr گىرېكچە stater دىن كەلگەن، ئەسلىي مەنىسى «ئالتۇن پۇل»، ئېغىرلىق بىرلىكى قىلىپمۇ قوللىنىلغان. ئامېرىكىلىق سانسكرىتشۇناس ر. سالومونىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بىر سىتىر 15.08 گىرامغا تەڭ كېلىدىكەن (كلاۋسون 1972 :802 ؛ چېن مىڭ 2002 :131 ).

64 ـ 1 čan : قەدەھ، رومكا مەنىسىدە. بۇ سۆز خەنزۇچە "盏" tʂ:an (پۇللېيبلانك1997 :396 )دىن كەلگەن. مەزكۇر ۋەسىقىدە سىغىم بىرلىكى قىلىپ قوللىنىلغان.

64 ـ 2 quma : زىغىر، خەنزۇچە "胡麻" xu´ma: (پۇللېيبلانك 1991 :126، 206 )دىن كەلگەن. خەنزۇچە "胡" خېتىنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ھەققىدە شوگايتو 2003 : 17 گە قاراڭ.

71 siding kiši : تولا سىيىدىغان ئادەم. بۇ بىرىكمىدىكى siding نى ئارات (1930) مەنىسى ئېنىقسىز سۆز قاتارىدا بىرتەرەپ قىلغان. كلاۋسون لۇغىتىگە بۇ سۆز كىرگۈزۈلمىگەن. siding سۆزى -sid (سىيمەك) پېئىل يىلتىزىغا ياسىغۇچى قوشۇمچە dXŋ نى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، «تولا سىيىش، كۆپ سىيىش» مەنىسىدە. بۇ سۆز ياسىلىش قائىدىسى ھەققىدە «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسى» 155 ـ بەتكە قاراڭ.

87 sarıy munga : سېرىق ماڭگو. بۇ بىرىكمىدىكى munga سۆزى ھىندىچە muńga ياكى munga دىن كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ سانسكرىتچە شەكلى mudga، پارسچە mung (ئارات 1930 :20). ياڭ فۇشۆ (2003 :542) قەدىمكى ئۇيغۇرچە munga سۆزنى

خەنزۇچە "芒果" نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. "芒" خېتىنىڭ قەدىمكى ئاھاڭى maŋ، خېتىنىڭ "果" قەدىمكى ئاھاڭى kua′ (پۇللېيبلانك1991 :207، 117 ) بولۇپ، پروفېسسور شوگايتو (2003:126، 134)نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، "芒" maŋ خېتى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا mo ياكى mou بولۇپ كىرىدۇ (بۇ ھەقتىكى تاۋۇش ئۆزگىرىش قائىدىسىگە 1 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ)، "果" kua′ خېتى qa بولۇپ كىرىدۇ. مۇشۇ بويىچە بولغاندا ئەگەر munga سۆزى خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن بولسا، moqa ياكى mouqa بولۇشى كېرەك.

1 ـ 91 qızıl čınṭan yürüng čınṭan : قىزىل سەندال، ئاق سەندال. čınṭan سۆزى سانسكرىتچە candana (ئارات 1930 :20 ؛ مونئېر 1899 :386 )دىن كەلگەن، توخرىچە B شەكلى (ئادامس1999 :251 ). بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدۇ.

91 ـ 2 kušṭi : قۇستى. بۇ سۆز سانسكرىتچە kuṣṭha (ئارات 1930 : 20 ، چېن مىڭ: 2002 : 128 )دىن كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالتۇن يارۇق»نىڭ 476 ـ بۆلىكىدە kö̈bıča köstı شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.

92 künčit : كۈنجۈت. توخرى تىلى A/B دىكى kuñcit (كلاۋسون 1972 :727 ؛ ئادامس 1999 : 182) سۆزىدىن كەلگەن.

105 yörgäy quası : يۆگەي گۈلى. ئارات (1930) yörgäy سۆزىنى مەنىسى ئېنىقسىز سۆزلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلغان. ياڭ فۇشۆ (2003: 549) بۇ سۆزنى «ھەشقىپىچەك» دەپ تەرجىمە قىلغان. «دىۋان» (ئۇيغۇرچە 3 ـ توم 527 ـ بەت)غا yörgänč دەپ ئىككى سۆز كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچىسى، يول ۋە باشقىلاردىكى ئەگرى ـ توقايلىقنى بىلدۈرىدۇ دەپ، ئىككىنچىسى، دەرەخلەرگە يۆگىلىپ ئۆسۈپ، ئۇلارنى قۇرۇتۇۋېتىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك، يەنى «يۆگىمەچ» دەپ ئىزاھلانغان. مەزكۇر بايانلارغا ئاساسەن كلاۋسون (965 : 1972) yörgäy سۆزىنى yörgänč نىڭ خاتا ئوقۇلۇشى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لېكوك يىغىپ توپلىغان ئۆسۈملۈكناملىرى تىزىملىكىدە يورگاى (yörgäy) سۆزىمۇ بار بولۇپ، ئۇ بۇ سۆزنى «يۆگىشىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك» (Schingpflanzen) دەپ ئىزاھلىغان (لېكوك 1917 :17 ). يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، yörgänč بىلەن yörgäy مەنىبەداش سۆز بولۇپ، ھەر ئىككىسى «يۆگىمەچ»نى كۆرسىتىدۇ.

qua سۆزى گۈل مەنىسىدە بولۇپ، خەنزۇچە "花" xua ( پۇللېيبلانك 1991 :128 ) خېتىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ھەققىدە شوگايتو 2003 : 126 گە قاراڭ.

114 mır : ھەسەل. بۇ سۆز خەنزۇچە "蜜" قەدىمكى ئاھاڭى بولغان mjit (پۇللېيبلانك : 1991 :213 )دىن كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا خېلى كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ھەققىدە شوگايتو 2003 : 133 گە قاراڭ.

122 kändir šıq : كەندىر شېخى. بۇ بىرىكمىدىكى kändir نىڭ مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. كلاۋسون (1972: 729) بۇ سۆزنى توخرىچە كىرمە سۆز بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. «شاخ» مەنىسىدىكى šıq سۆزى ئېھتىمال سوغدى تىلىدىكى šax>šx (غارىب:93111 )دىن كەلگەن. كلاۋسون (1972: 804) بۇ سۆزنى خەنزۇچە "茎" ياكى "枝" دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما، بۇ ئىككى سۆزنىڭ قەدىمكى ئاھاڭى ئايرىم ـ ئايرىم xəŋ′ ۋە tşi (پۇللېيبلانك 1991 :158، 404 )بولۇپ، šıq بىلەن بەك چوڭ پەرق قىلىدۇ.

113 -lala : ئېزىش مەنىسىدە. بۇ سۆز خەنزۇچە «ئېزىش، سوقۇش» مەنىسىدىكى "擥" la (جايلىس 6656 ) خېتىگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە la- نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. تېببىي ۋەسىقىلەردە soqup lalap شەكلىدە كۆپ قوللىنىلىدۇ.

146 buda : چۈچۈكبۇيا. ئارات (1930: 21) ۋە ياڭ فۇشۆ (2003: 544) بۇ سۆزنى خاتا ھالدا خەنزۇچە "葡萄" p'u t'a (جايلىس 10826 ، 9497 )غا باغلاپ، «ئۈزۈم» دەپ تەرجىمە قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە يەنە بىر تېببىي ۋەسىقە «سىدداسارا»دا buda سۆزى دائىم سانسكرىتچە «چۈچۈكبۇيا» مەنىسىدىكى madhuka، madhu-yaṣṭika سۆزلىرىنىڭ تەرجىمىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بۇيا» (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى 1990 :509 ) سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇرچە buda سۆزىنىڭ سۆز ئوتتۇرىسىدىكى d تاۋۇشىنىڭ y لىششى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ۋارىيانتى.

148 qıṭay sımıqı : قىتان سىمىقى. بۇ بىرىكمىدىكى qıṭay سۆزى khit tan 契丹 (پۇللېيبلانك 1991 :248، 70 )نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ سۆز «دىۋان» (ئۇيغۇرچە 3 ـ توم 328 ـ بەت) ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» (68ـ، 4426 ـ، 5754 ـ مىسرالار)تە hıtay شەكلىدە كۆرۈلگەن ۋە «خىتاي، يۇقىرى چىن» دەپ ئىزاھلانغان. sımıq سۆزىنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

165 arırı : ھېلىلە. بۇ سۆزنىڭ سوغدىچە ərurā>’rwr(h) (غارىب 1518) دىن ياكى تىبەتچە arura (ئارات 1930 :20 )دىن كەلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. arırı سانسكرىتچە ۋە توخرىچىدا ئايرىم ـ ئايرىم haritakī (چېن مىڭ 2002 :174 )، arirāk (ئادامس 1999 :22) شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ موڭغۇلچىدا arura شەكلىدە ساقلانغان.

166 čıqu tašı : چىقۇ پوستى. ئارات (1930) ۋە كلاۋسون بۇ سۆزنى «چىقۇ تاش» (čıqu stone) دەپ تەرجىمە قىلغان. čıqu خەنزۇچە "石斛" şi′ xu′ (پۇللېيبلانك 1991 :283، 127 )نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن بولۇپ، تۈلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك، ئادەتتە ئۇنىڭ غولى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا قىلىنىدۇ.

177 makvira : بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس. مەزكۇر ۋەسىقىدە بۇ سۆز قوتۇرنىڭ داۋاسىدىن كېيىن ät (گۆش،

بەدەن) سۆزى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن. كونتېكىستتىن قارىغاندا، بىر خىل تېرە كېسەللىكىنىڭ نامى بولسا كېرەك.

188 tengšu : ئارات (1930) بۇ سۆزنى مەنىسى ئېنىقسىز سۆز قاتارىدا بىرتەرەپ قىلغان. ياڭ فۇشۆ (546 :2003) بۇ سۆزنى خەنزۇچە "铁树" نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. "铁树" قەدىمكى ئاھاڭى tʰjɛ ʂy' بولۇپ، بۇنىڭدىكى tʰjɛ بىلەن teng نىڭ تاۋۇش پەرقى بەك چوڭ. شۇڭا، بۇ سۆزنىڭ مەنىبەسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

190 ıt burun : كاشىم. ئارات (1930) ، كلاۋسون (34 :1972) ۋە ياڭ فۇشۆ (546 :2003) بۇ سۆزنى «ئازغان» دەپ تەرجىمە قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق»تا ıt burun خەنزۇچە ئەسلىي نۇسخىدىكى "苟簕(閹莫迦" نىڭ تەرجىمىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

### 4. پايدىلانمىلار


[1] ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى.

[2] ئابلىز ياقۇپ قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ئۈرۈمچى: بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 — 1998 ـ يىللار.

[3] ئارات (Arat, R.R): «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېببىي ۋەسىقىلەر» 1 ـ توم، (گېرمانچە)، بېرلىن، 1930 ـ يىلى [ = ئارات 1930] .

[4] ئارات: «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى، Ⅶ» (گېرمانچە)، بېرلىن، 1936 ـ يىلى [ = ئارات 1936] .

[5] دوگلاس ئادامس (Adams, Douglas): «توخرى تىلى B لۇغىتى» (ئىنگلىزچە)، ئامستېردام، 1999 ـ يىلى [= ئادامس 1999] .

[6] بايلى (Bailey, H. W): «قەدىمكى ئۇيغۇرچە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ناملىرى» (ئىنگلىزچە)، فۇئاد كۆپرۈلۈ ئارماغانى، 1953 ـ يىلى [= بايلى 1953] .

[7] بايلى (Bailey, H. W): «خوتەن تېكىستلىرى» 1 ـ توم (ئىنگلىزچە)، كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1945 ـ يىلى [= بايلى 1945] .

[8] كلاۋسون (Clauson, G): «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» (ئىنگلىزچە)، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1972 ـ يىلى [= كلاۋسون 1972] .

[9] دانكوف، كېللىي (Dankoff, R. & Kelly, J): «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئىنگلىزچە)، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1982 ـ، 1984 ـ، 1985 ـ يىلى.

[10] گاباتىن (Gabain, A. von): «قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» (گېرمانچە)، لېيپزىگ، 1950 ـ يىلى [= گاباتىن 1950] .

[11] گېڭ شىمىن (耿世民): «قەدىمكى تۈركچە ۋەسىقىلەردىن تاللانما» (شاپىگراف نۇسخا)، 1978 ـ يىلى.

[12] گېڭ شىمىن (耿世民): «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، بېيجىڭ: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

[13] غارىب (Gharib, B): «سوغدى تىلى لۇغىتى» (ئىنگلىزچە)، فەرغانە نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى [= غارىب 2004] .

[14] خوڭ ۋۇلى (洪武娌): «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېبابەت قوللانمىسىنىڭ تېبابەت تارىخى قىممىتى»، «جۇڭگو تېبابەت تارىخى ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1984 ـ يىلى 4 ـ سان.

[15] جايلىس (Giles, Herbert): «خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت» (ئىنگلىزچە)، لوندون، 1892 ـ يىلى [= جايلىس 1892] .

[16] لاۋفېر (Laufer, Berthold): «جۇڭگو ـ ئىران قىسمى» (ئىنگلىزچە)، چىكاگو، 1919 ـ يىلى.

[17] لاۋفېر (劳费尔): «جۇڭگو ـ ئىران قىسمى» (خەنزۇچە)، بېيجىڭ: سودا نەشرىياتى، 2015 ـ يىلى [= لاۋفېر 2015] .

[18] لېكوك (Le Coq. A. von): «ئۇيغۇرچە ئۆسۈملۈك ناملىرى تىزىملىكى»، بېرلىن، 1917 ـ يىلى [= لېكوك 1917] .

[19] مارسېل ئېردال: «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسى» (ئىنگلىزچە)، ۋىسبادېن، 1991 ـ يىل [= ئېردال 1991] .

[20] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە)، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ، 1984 ـ يىللار.

[21] مونئېر (Monier-Williams): «سانسكرىتچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت» (ئىنگلىزچە)، ئوكسفورد، 1899 ـ يىلى [= مونئېر 1899] .


[22] موريياسو (Moriyasu, Takao): «ئۇيغۇر مانىزم تارىخى تەتقىقاتى» (ياپونچە)، ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى [= موريياسۇ 1991] .

[23] پۇللېيبلانك (Pulleyblank, Edwin): «ئوتتۇرا قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» (ئىنگلىزچە)، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى [= پۇللېيبلانك 1991] .


[24] چېن مىڭ (陈明): «سانسكرىتچە تېببىي ئەسەر ‹سىدداسارا› ئۈستىدە تەتقىقات »(خەنزۇچە)، بېيجىڭ: جۇڭخۇا كىتابچىلىقى،

2002 ـ يىلى [= چېن مىڭ 2002].
[25] چېن زۇڭجېن (陈宗振): «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېبىبىي ۋەسىقىلەردىن ئۈزۈندە»، «جۇڭگو تېبابەت تارىخى ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1984 ـ يىلى 4 ـ سان.
[26] رۆھبۆرىن (Röhrborn, K): «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» (گېرمانچە)، ۋېسبادىن، 1977 ـ يىلى [= رۆھبۆرىن 1977].
[27] سۆھەيل ئۈنۋەر (ünwer, A.S): «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت: 8 ــ 14 ـ ئەسىرلەر» (تۈركچە)، ئىستانبۇل، 1936 ـ يىلى.
[28] «ترىپىتاكا» (大正藏)، 16 ـ توپلام: «ئالتۇن يارۇق» (خەنزۇچە http://www.cbeta.org/result/T16/T16n0665.htm)
[29] تۇرسۇن ئايۇپ، مەترېھىم سايىت: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى ئالتۇن يارۇق»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى.
[30] شوگايتو (Shōgaito, Masahiro): «پېتىربۇرگتا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر: ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان خەنزۇچە تېكىستلەر ۋە ئۇيغۇر بۇددىزىم تېكىستلىرى» (ياپونچە)، كىيوتو، 2003 ـ يىلى [= شوگايتو 2003].
[31] شتائىنگاس (Steingass, Francis): «پارسچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت» (ئىنگلىزچە)، لوندون، 1982 ـ يىلى [= شتائىنگاس 1982].
[32] «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت»، تۇرسۇنئاي ساقىم تەجىمە قىلغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى.
[33] «ئىنايىتۇللا ھېلىمى ۋە ئۇنىڭ تېبىبىي ماقالىلىرى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، 2014 ـ يىلى نەشرى.
[34] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى.
[36] ياڭ فۇشۆ (杨富学): «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» (خەنزۇچە)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى [= ياڭ فۇشۆ 2003].
[37] ياڭ فۇشۆ (杨富学): «قوچۇ ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 2004 ـ يىلىق 4 ـ سان.

**5. قوشۇمچە: قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى»نىڭ بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلىرى①**




U559 (T I D 120) II نومۇرلۇق فراگمېنت (12 ـ قۇردىن 22 ـ قۇرغىچە)




U559 (T I D 120) I نومۇرلۇق فراگمېنت (1 ـ قۇردىن 11 ـ قۇرغىچە)


① قول يازمىنىڭ فوتو كوپىيەسىنى بېرلىن براندېنبورگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى تەمىنلىگەن.




III U559 (T I D 120) نومۇرلۇق فراگمېنت (23 ـ قۇردىن 32 ـ قۇرغىچە)




IV U559 (T I D 120) نومۇرلۇق فراگمېنت (33 ـ قۇردىن 41 ـ قۇرغىچە)





V U559 (T I D 120) نومۇرلۇق فراگمېنت (42 ـ قۇردىن 51 ـ قۇرغىچە)





VI U559 (T I D 120) نومۇرلۇق فراگمېنت (52 ـ قۇردىن 60 ـ قۇرغىچە)


U559 (T I D 120)VII نومۇرلۇق فراگمېنت (61 ـ قۇردىن 69 ـ قۇرغىچە)



U559 (T I D 120) VIII نومۇرلۇق فراگمېنت (70 ـ قۇردىن 78 ـ قۇرغىچە)


U559 (T I D 120) I نومۇرلۇق فراگمېنت (79 ـ قۇردىن 88 ـ قۇرغىچە)



U559 (T I D 120) X نومۇرلۇق فراگمېنت (89 ـ قۇردىن 98 ـ قۇرغىچە)




XI (T I D 120) 559 نومۇرلۇق فراگمېنت (99 ـ قۇردىن 108 ـ قۇرغىچە)




XII (T I D 120) 559 نومۇرلۇق فراگمېنت (109 ـ قۇردىن 118 ـ قۇرغىچە)




XIII (T I D 120) 559 نومۇرلۇق فراگمېنت (119 ـ قۇردىن 127 ـ قۇرغىچە)




XIV (T I D 120) 559 نومۇرلۇق فراگمېنت (128 ـ قۇردىن 136 ـ قۇرغىچە)




XVI (T I D 120) 559 نومۇرلۇق فراگمېنت (147 ـ قۇردىن 155 ـ قۇرغىچە)




XV (T I D 120) 559 نومۇرلۇق فراگمېنت (137 ـ قۇردىن 146 ـ قۇرغىچە)




XVIII (T I D 120) 559 نومۇرلۇق فراگمېنت (165 ـ قۇردىن 173 ـ قۇرغىچە)



XVII (T I D 120) 559 نومۇرلۇق فراگمېنت (156 ـ قۇردىن 164 ـ قۇرغىچە)




559 (T I D 120) XX نومۇرلۇق فراگمېنت (183 ـ قۇردىن 191 ـ قۇرغىچە)



559 (T I D 120) XIX نومۇرلۇق فراگمېنت (174 ـ قۇردىن 182 ـ قۇرغىچە)



مۇقاۋا بەت



559 (T I D 120) XX نومۇرلۇق فراگمېنت (192 ـ قۇردىن 201 ـ قۇرغىچە)

مەزكۇر ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ تەتقىقات تۈرى «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېببىي ۋەسىقە ـ سەنەداسارا، ئۇستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى. تۈر تەستىق نومۇرى: [16XYY033]

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا)

# ھۈنەر ـ كەسپلەر ھەققىدە بايانلار (1)

ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

(غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ 2017 ـ يىللىق دوكتورانتى، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى)


نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: « ھۈنەر ـ كەسپلەر ھەققىدە بايانلار» ناملىق بۇ تېكىست «دېھقانچىلىقنىڭ بايانى»، «مال بېقىشنىڭ بايانى»، «بېلىقچىنىڭ بايانى »، «تۆمۈرچىنىڭ بايانى»، «مىسكەرنىڭ بايانى »، «زەرگەرنىڭ بايانى» دىن ئىبارەت ئالتە پارچە مەزمۇندىن تەركىب تاپقان. تېكىستلەردىن «تۆمۈرچىنىڭ بايانى»، «مىسكەرنىڭ بايانى »، «زەرگەرنىڭ بايانى»نى مۇھەممەد ئەلى داموللا، «دېھقانچىلىقنىڭ بايانى»، «مال بېقىشنىڭ بايانى»، «بېلىقچىنىڭ بايانى »نى ئابدۇۋەلى ئاخۇندلار شىۋېت مىسسىيونېرى گۇستاف رەكۋېتنىڭ ئالاھىدە تەشەببۇسى بىلەن خوتەن قەغىزى ۋە سىزىقلىق پەرەڭ قەغىزىگە يازغان. تېكىستلەر قەشقەردىكى شىۋېت مىسسىيونېرلىرى تەرىپىدىن يىغىپ ساقلانغان ۋە كېيىن ئۇلار قەشقەردىن ئايرىلغاندا «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» تەركىبىدە شىۋېتسىيەگە ئېلىپ كېتىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى «ياررىڭ يىغمىلىرى»غا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. بۇ تېكىستلەرنىڭ بىرقىسمى داڭلىق ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ياررىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى «20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق — ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلغۇسى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى» دېگەن نامدا تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان. تېكىستلەر ھازىر گۇننار ياررىڭ يىغىپ توپلىغان «ياررىڭ يىغمىلىرى » نامىدىكى207 ـ نومۇرلۇق ئارخىپتا ساقلانماقتا.

بۇ تېكىستلەردە ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە باشقا ھۈنەر ـ كەسپلىرى ھەققىدە ناھايىتى ئەتراپلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەينى دەۋرنىڭ تىل ۋە فولكلور ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ئەسلىي فونېتىكىلىق قائىدە بويىچە ئوقۇلغۇلاپ، بىر قىسىم چۈشىنىكسىز سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىلدى — نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.

## ئوقۇلغۇسى


## دېھقانچىلىقنىڭ بەيانى

دېھقانچىلىق ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەسەبى[①] تۇرۇر. ھەزرەتى ئادەمغە بۇبى ھەۋا[②] بۇغداي دەرەختىدىن[③] ئۆزى يەپ ئېرىگە ھەم بېرىپ، ئىتائەتدىن ھەم چىقىپ گۇناھغا تۇشكەندە، ئادەمغە


دهقانچیلیق نینک بیانی

دهقانچیلیق حضرت آدم علیه السلام نینک کسبی تورور حضرت
آدم غه بوی خوا بغدای درختی نینک اوزی یمب ایوکا هم یوب اطاعت
دین چیقیب گناه غه توشکانده خوابی رب العزت آدم غه پیشانه نینک
ترلاتیب مشقت بوله نان نینک نی یوتیشی دیکان که موافق بوله ایشلاب
دهقانچیلیق قیلماق همه آدم لارغه میراث قالدی بیر هر قانچه اوبدان
بولسه هم بش اون یل ایشلامای تاشلاب اتسه هر قسم اوت و یانتاق
لار اونوب خوا بویوغانغه موافق تمام شورلوق بولوب تکیدین زی
چیقیب بوزولوب کیتار قوروق سغیز بیر بولسه افتاب نینک تابوشیدین
قراییب کویوک بولوب کیتار بونی خوا لعنت قیلمیش تمام بیر یوزی
بهشت نینک باغیدیک گل زارلیق ایدی تیکن یانتاق ازغان جیغان لارنینک
اورنیدا تولا یخشی میوه لیک درخت لار بار ایدی بغدای درختی هم آدم
ایگه دارلیق قیلغان عدنداکی باغ نینک اوتراسیدا همه دین افضل بر توپ
درخت ایدی انینک اوچون آدم نینک اولادلاری بیرله ایشلاب بغدای
درختی نی بیماک که اراده بولدی بغدای عدنداکی باغ نینک اوتراسیدا بار
اوقتیدا بولک میوه لیک درخت لار که اوخشه میوه بیرور ایدی لار آدم بیرله خوا
یمب هر تیره سیدین توشکاندین کین بغدای درختی نی هم باغیدین چیقاریب
دنیانینک آخیریغچه آدم نینک اولادلاری یمب تیریکچیلیک قیلماق غه اراده
قیلیب دور آدم بیرله حوانی خدا عدنداکی باغ دین بیر یوزی که یاندورغاندا بغدای
درختی نی هم باغیدین چیقاریب بیرله تریب اوراب نان اتیب یکالی قسمت
قیلیب دور بغدای دین باشقه میوه یا درخت لارنی کوچت قیلیب قویلار
یالغوز بغدای بیلان انینک جمله سیدین آرپه کومه قوناق آق قوناق
شال تریق ماش نخود چوزگون قوناق زغیر کنوبر کونجود زاغیر کیشنیز
چامغور پیاز زردک قوغون تاروز قتارلیق میوه لارنی بیرله تریب
بیرله ایشلاب زراعت قیلماق اوچون سونبهار لازم بولادور
التعالی اط عرایه اینینک تغار بونی حدالکالی اوی غه اینقلاتکالی
بوقوسه بونینتوروق صورم تیش لازم بولادور
بیرکیشی بیرپارچه زمین نی زراعت قیلغالی خواهلاسه اول

پىشانىڭنى تەرلەتىپ مەشەققەت[4] بىرلە ناننىڭنى يەرسەن دېگەنگە مۇۋاپىق يەرگە ئىشلەپ دېھقانچىلىق قىلماق ھەممە ئادەملارغا مىراس قالدى. يەر ھەر قانچە ئوبدان بولسا ھەم بەش ئون يىل ئىشلەمەي تاشلاپ ئەتسە ھەر قىسىم ئوت ۋە يانتاقلار ئۈنۈپ، مۇۋاپىق تەمام شورلۇق بولۇپ، تەگىدىن زەي چىقىپ بۇزۇلۇپ كېتەر. قۇرۇق سىغىز يەر بولسا ئافتابنىڭ تابىشىدىن[5] قەرارىپ[6] كۆيۈك بولۇپ كېتەر. تىكەن، يانتاق، ئازغان، جىغانلارنىڭ ئورنىدا تولا ياخشى مېۋىلىك دەرەختلار بار ئەردى. بۇغداي دەرەختى ھەم ئادەم ئىگىدارلىق قىلغان ئەدندەكى[7] باغنىڭ ئوتراسىدا ھەممەدىن ئەفزەل[8] بىر تۈپ دەرەخت ئەردى. ئانىڭ ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئەۋلادلارى يەرگە ئىشلەپ، بۇغداي دەرەختىنى ھەم باغدىن چىقارىپ، دۇنيانىڭ ئاخىرىغىچە ئادەمنىڭ ئەۋلادلارى يەپ، تىرىكچىلىك قىلماققا ئىرادە قىلىپتۇر. ئادەم بىرلە ھەۋانى خۇدا ئەدندەكى باغدىن يەر يۈزىگە ياندۇرغاندا بۇغداي دەرەختىنى ھەم باغدىن چىقارىپ، يەرگە تېرىپ ئوراپ نان ئېتىپ يېگەلى قىسمەت قىلىپتۇر. بۇغدايدىن باشقا مېۋە يا دەرەختلارنى كۆچەت قىلىپ قويارلار. يالغۇز بۇغداي بىلەن ئانىڭ جۈملىسىدىن ئارپا، كۆممە قوناق، ئاق قوناق، شال، تېرىق، ماش، نوخۇد[9]، چۆزگۈن قوناق،




زىيغىر، كەندىر، كۈنجۈد، زاراڭزا، كىپەز، چامغۇر، فىياز، زەردەك[10]، قوغۇن، تاربۇز[11] قەتارلىق مېۋەلەرنى يەرگە تېرىپ يەرلەر.

يەرگە ئىشلەپ زەرائەت قىلماق ئۈچۈن سەرەنجام لازىم بولادۇر. دۆش ئالغالى[12] ئات ئەرابا، ئىشەك، تەغار؛ يەرنى ھەيدەگەلى ئۆي، ئۆيغا ئىشلەتكەلى بۇقۇسا، بويۇنتۇرۇق، سۆرەم، تىش لازىم بولادۇر.

بىر كىشى بىر پارچە زىمىننى زىرائەت قىلغالى خاھلاسا ئول يەرنىڭ ئىتىزلارنىڭ قىرلارنى كەتمەن بىلەن توپا سالىپ ئېگىز قىلادۇر. ئىتىزنىڭ دۆڭ يەرلىرىنى ئەرابەگە ئات قوشۇپ كەلتۇرۇپ، ئاغدامەگە ئۇسسۇپ، چومقۇر[13] يەرلەرگە تۆكۈپ، ئىتىزلارنى تۈز قىلىپ راستلاپ، سۇ قۇيۇپ، ئۇسا قىلىپ كىلىشكەندە بىر جۇپ ئۆي كەلتۇرۇپ، بوينىغا بويۇنتۇرۇق سالىپ، بويۇنتۇقغا كۈچ ياغاچى بىرلە بۇقۇسانى بىركىتىپ، بۇقۇساغا تىش بىركىتىپ، سايكەسىدىن[14] تۇتۇپ، يەرنى تۆرت بەش مەرتەبە ھەيدەپ مىرە قىلىپ[15]، ئاندىن تاغارغا قىغ ئۇسسۇپ، ئىشەككە ئارتىپ يەرگە قۇيۇپ، ئاندىن يەرگە قىغنى ساچىپ، ئۇرۇغ ساچىپ ھەيدەپ، سۇ قويادۇر ياكى بالدۇر سۇ قۇيۇپ ئاندىن يەر كەلىشكەندە قىغ قۇيۇپ ساچىپ، كېيىن ئۇرۇغ ساچىپ ھەيدەپ ئاندىن سۆرەمدە باسۇرۇپ قويادۇر. زىرائەت ئۈنۈپ تەڭشەلگەندە سۇ قۇيۇپ، پىشىپ تەييار بولغۇنچە خەبەر ئالىپ تۇرادۇر. پىشقاندا ئوغاق بىلەن ئورۇپ، خەرمانغا كەلتۇرۇپ تېپىپ سورۇپ ئالادۇر. خەرمانغا ئارى، كۆجەك، غەلبىر، ئۆتگەرمە لازىم بولادۇر.


## مال باقىشنىڭ بەيانى

مال باقماق ھابىلنىڭ كەسەبى تۇرۇر. تولا[16] بەئزى[17] پادشاھلار ھەم مال باقىپ يۇرۇپدۇر. مال باقماق بىرلە[18] ئىنسان پات[19] باي بولادۇر. مال بىر قىسىم ئېمەس. تېۋە، ئات، قوتاز، كالا، كوي، ئەچكۈ[20]، ئىشەك بۇلارنىڭ بالالارى[21] بار. تېۋە، ئات، قوتاز، كالا، ئىشەك بۇلارنى قارارىدا ئەركەكىغە قويۇپ خەبەر ئالماسا[22] پات ئاۋۇماس. قوي، ئەچكۇ پات ئاۋۇپ تولا بولۇر، بالالارى ھەم پات تۇغۇپ تولا بولۇر. ئانىڭ ئۈچۈن مالچىلار قوي بىلەن ئەچكۈنى تولاراق باقار. تېۋەنىڭ[23] بالاسىنى بوتالاق، ئاتنىڭ بالاسىنى تايچاق، كالانىڭ


مال باقیش نینک بیانی
مال باقماق حضرت هابیل نینک کسبی تورور تولا پیغمبرلار معصوم
پادشاهلار هم مال باقیب بوروب خدانه یقین کلیب دور مال باقماق
بوله انسان بات بای بولادور مال هر قسم ادماس تیوه اط قوتاز کله
قوی اچکو ایشک بولار نینک بلالاری بار تیوه اط قوتاز کله ایشک بولاری
قواریوا ایوکالی غه قویوب غیر المانسه بات آوماس قوی اچکو بات
آوب تولا بولور بلالاری هم بات توغوب تولا بولور انینک اوچون
مالچیلار قوی بیلان اچکونی تولراق باقار تیوه نینک بلاسی نی بوتلاق
اط نینک بلاسی نی تایچاق کله نینک بلاسی نی موزای قوتاز نینک بلاسی نی
ایشک نینک بلاسی نی خوتک قوی نینک بلاسی نی قوزی اچکو نینک
بلاسی نی اوغلاق درلار
کاشغرکه تابع اراشور دیکان کنت ده میراولاق بای دیب بر
بیچاره آدم بار ایردی نان تیلاب کدالیق قیلماق بیرله کون اوتکوزوب
ایردیلار کونلارده بر کون ایشیکدین ایشیککه کدالیق قیلیب بر مال
باقادورغان بای کشی نینک ایشیکیکه کلیب نیاز تیلیدی
بای کسل ایردی چونک اوغلی
ایغیل غه کیریب اوروق بر اچکونی الیب چیقیب نیاز قیلدی
اول کدا اوروق اچکونی مانکورالمای اوشنه سیکا الیب کوتاریب
تولا ترسلیک برله اوی که کلتوروب باقتی اوبدان باققان دا اچکو
سمروب اوبدان بولدی بش التی آی دین کین چرایلیق
ایکی اوغلاق توغدی بولار اوغلاقلارنی کورکانده تولا خوش بولوب
باقار ایردی یلدین یلغه اچکولار غولداب اوغلاقلاری تولا بولور ایردی
ایرکاکلارینی ساتیب پولیغه تیشی پاقلان الیب مالیغه قوشوب
قویار ایردی شو طریقه بیلان اچکو قویلاری زیاده بولوب چونک بای
بولدی یر هویلی الیب یورت خلقی نینک الدیدا عزت تاپتیلار اوزون
عمر کوروب دنیادین اوتتیلار اوغول قیز و نبیره لاری تولا ایردیلار

بالاسىنى موزاي، قوتازنىڭ بالاسىنى، ئىشەكنىڭ بالاسىنى خوتەك، قوينىڭ بالاسىنى قوزا، ئەچكۈنىڭ بالاسىنى ئوغلاق دەرلەر.

كاشغەرگە تابىئ[34] ئاراشور دېگەن كەنتتە مىرئۇلاق باي دەپ بىر بىچارە ئادەم بار ئىردى. نان تىلەپ گەدالىق[35] قىلماق بىرلە كۈن ئۆتكۈزۈپ ئىردىلەر. كۈنلەردە بىر كۈن ئىشىكدىن ئىشىككە[36] گەدالىق قىلىپ بىر مال باقادۇرغان باي كىشىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ نىياز تىلەدى[37]. باي كىسەل ئىردى. چوڭ ئوغلى ئىغىلغا كىرىپ، ئورۇق بىر ئەچكۈنى ئالىپ چىقىپ نىياز قىلدى[38]. ئول گەدا ئورۇق ئەچكۈنى ماڭدۇرالماي ئۆشنەسىگە ئالىپ كۆتەرىپ تولا تەرسلىك بىرلە[39] ئۆيگە كەلتۈرۈپ باقتى. ئوبدان باققاندا ئەچكۈ سەمرۈپ[40] ئوبدان بولدى. بەش ئالتە ئايدىن كېيىن چىرايلىق ئىككى ئوغلاق تۇغدى. بۇلار ئوغلاقلارنى كۆرگەندە تولا خوش بولۇپ باقار ئىردى. يىلدىن يىلغا ئەچكۈلەر غولداپ[41] ئوغلاقلارى تولا بولۇر ئىردى. ئەركەكلەرىنى ساتىپ پۇلىغا يىشى پاقلان[42] ئالىپ مالىغا قوشۇپ قويار ئىردى. شۇ تەرىقە بىلەن[43] ئەچكۈ، قويلارى زىيادە بولۇپ[44] چوڭ باي بولدى. يەر هويلا ئالىپ يۇرت خەلقىنىڭ ئالدىدا ئىززەت تاپتىلار. ئۇزۇن ئۆمىر[45] كۆرۈپ دۇنيادىن



ئۆتتىلەر. ئوغۇل، قىز ۋە نەبىرەلەرى[*] تولا ئىبردىلەر. يۇرت خەلقى مىر ئۇلاق باينى كۆرگەندە بۇ ئىبادنى[*] ئوقۇر ئىردى.

ئىباد

شاھنى گەدا قىلۇر

گەدانى شاھ قىلۇر

بارنى يوق قىلۇر

يوقنى بار قىلۇر


چۆلنى باغ قىلۇر

باغنى چۆل قىلۇر

ئەمدى ئەزىز بولۇپ گەدا


ئاخىرى يوق بولۇر گەدا

## بالىقچىنىڭ بەيانى




بالىقچى بالىق[*] تۇتقالى تور لازىم قىلادۇر. موزاي باشىنى يىڭنچكى[*] يىغىغا تىزىپ، تورنىڭ ئىچىگە تارتىپ قويادۇر. دەريالارنىڭ گۇملارىغا[*]، تۇغلارىغا، قايىناملارىغا تور سالسا بىردەم تور سالادۇر. يەنە بىر ئادەم قولىغا ئۇزۇن بادارا[*] ياغاچ ئالىپ، نەرىلەردىن[*] سۇنى ئۇرۇپ، تەگىگە مالقۇشلاپ[*]، بالىقلارنى ھەيدەپ بىرەدۇر. بالىق كىرسە تور ھەركەت قىلدۇر. تورنى تارتىپ بالىقنى تۇتۇپ ئالادۇر. ئادەمكى، بوي بەرمەيدۇرغان تۇكۇرمەننىڭ[*] غۇلۋالارىغا[*]، بۇلاقلارنىڭ كۆللەرىغە، دەريالارنىڭ قايىناملارىغا، قارماقنىڭ ئۇچىغا خمىر ياكى گوشت[*]، موزاي باشى، چىكەتكى[*] قاتارلىق نەرسەلەرنى سانجىپ سالىپ، بالىقنى سۇدىن تارتىپ تۇتادۇر. بالىق تولا بولسا دارۇ[*] تاشلاپ مەست قىلىپ، بالىق سۇ يۈزىگە لەيلەگەندە چاپما سىخ دېگەن

ئۇزۇن دەستەلىك چانگاك[*] بىلەن چاپىپ ئالادۇر. بالىق بىر نەچچە قىسىم بولادۇر. شىمال بالىق ئاق بولادۇ. قارا بالىق، بەكجان بالىق، پاقا باش بالىق، چىم بالىق، قىسقا قوساغلىق بولادۇر. يىڭچىكى يىك قۇرۇق بالىق، يارغاق بالىق بولادۇر.


بولادور قوا بلیق یک جان بلیق پاقا باش بلیق چیم بلیق
قیسقه قوساغلیق بولادور ینکیچکی ییک قوروق بلیق یارغاق
بلیق بولار دورلار.


## تەمۆرچىنىڭ بەيانى

ئۇلارنىڭ قىلادۇرغان ئىشى خاس تەمۆردۇر[*]. ئەسبابلارى بازغان، بولقا، سەندەل، كۆرەك، ئوچاق، ئورە[*]، ئەچكۈ[*] تېرەسىدە پەش[*] ۋە تېمۆرگە ئىشلەتەدۇرغان كۆمۆردۇر. بازغان چوڭ يوغان بىر بولقادۇر. تەمۆر ئوتدا تاپ يەپ[*] قىزىل چوغ بولغاندا سەندەل تۆپەسىدە قويۇپ ئىككى يوغان بازغان ئىككى كىشى قولىغا ئالىپ بىرى بازغان ئۇرۇپ بولغاندا يەنە بىرى ئۇرۇپ سوقادۇر. قىزىل چوغ بولغاندا بازغان ئۇرسا ئوتلار پاچ پاچ[*] ھەر تەرەفكە ساچىلۇر[*]. خاھ يوغان خاھ كىچىك ئەسباب[*] تەمۆرچى قىلۇر. كىچىكرەك ئىشنى بولقا بىلەن قىلۇر. بازغان، بولقا، سەندەل خالىس تەمۆردىندۇر. دەستەسى يىغاچدىن[*]، سەندەل بىر كۆتەككە بىركەتكىلىك[*] تەمۆردۇر. كۆرەك ئەچكۈ تېرەسىدىن قىلىنغان بىر تۇلۇمدۇر. ئانى ئىچىگە يەل سولاپ ئوت پۇدۇمەك[*] ئۈچۈن قىلىنغان بىر ئەسبابدۇر. ئوچاق كۆمۆر سالغالى ئوت ئۈچۈندۇر. ئورە تەمۆر سوقار ۋەقتىدا ئورەغە كىرىپ تۇرۇپ سوقارلار. ئەچكۈ تېرەسى ئالدىغا تارتىپ ۋەيا شىم قىلىپ كېيمەكى ئوت ساچراپ كۆيدۇرمەسلىكى-


تمورچی نینک بیانی
اولارنینک قیلادورغان ایشی خاص تمور دور اسباب لاری بازغان
بولقا صندل کوراک اوچاق اوره اچکو ترهسیده پش و تمورکا ایشلا
تادورغان کومور دور بازغان چونک یوغان بر بولقادور تمور اوتدا
تاب یب قزیل چوغ بولغاندا صندل توپهسیده قویوب ایکی یوغان بازغان
ایکی کشی قولیغه الیب بری بازغان اوروب بولغاندا ینه بری اوروب
سوقادور قزیل چوغ بولغاندا بازغان اورسه اوت لار پاچ پاچ هر طرفکا
ساچیلور خواه یوغان خواه کچیک اسباب تمورچی قیلور کچیکراک
ایشنی بولقا بیلان قیلور بازغان بولقا صندل خالص تموردین دور دستهسی
ینغاچدین صندل بر کوتکا برکاتیکلیک تمور دور کوراک اچکو ترهسیدین قیلغان
بر تولوم دور انی ایچیکا یل سولاب اوت پودماک اوچون قیلغان بر اسباب
دور اوچاق کومور سالغالی اوت اوچون دور اوره تمور سوقار وقتیدا
اورهغه کیریب توروب سوقارلار اچکو ترهسی الدیغه تارتیب ویا
شیم قیلیب کیماکی اوت ساچراب کویدورماسلیکی دور تمورچی نینک
ینه هم برنچه اسباب لاری بار اولارنی ایکاک قلم اوشکه قچاق چرخی
دیرلار تمورچی نینک یاسایدورغان ایشلاری
اورغاق کتمن پالتو کرکی تاقا میخ زنجیر قاغا تومشوق قفل اچقو
ینه باشقه هر قایداغ که تمور بیلان بولادورغان اسباب لارنی یاسایدور
پچاق قارچی بگیز
تمور بیلان

دۇر. تەمۇرچىنىڭ يەنە ھەم بىر نەچچە ئەسبابلارى بار. ئۇلارنى ئىكەك قەلەم، ئۇشكە، قىچاق، چەرخى دەرلەر. تەمۇرچىنىڭ ياسايدۇرغان ئىشلارى دىھقانغا سەرەنجام مەسلەن، ئورغاق، كەتمەن، پالتۇ، كەركە، تاقا ۋە مىخ، زەنجىر، قاغا تۇمشۇق، قەفۇل، ئاچقۇ، ئىشكەل، يەنە باشقا ھەر قايداغكى تەمۇر بىلەن بولادۇرغان ئاسبابلارنى ياسايدۇر. قىچاق، قارچا، بىگىز، دەرەفشا، كوبا، جۇۋالدۇرۇز بۇ ھەممە ئاسبابلارنى تۇنەكە تەمۇر بىلەن ئىمەس سىخ تاختا تەمۇردىن ياسارلار. تەمۇرنى تابلاپ ئوچاقدىن چىقارغاندا بىر قىسمى داشقالدەك قاتتىق بىر نەرسە چىقارلار، ئانى تەمۇر پوقى ئايتۇر.


## مىسكەرنىڭ بەيانى


مسکرنینک بیانی

مىسكەر خاس مىس ئىشلەتەدۇر. چوڭ بولقالارى بار. ئانى ھەم بازغان ئايتۇرلار. كىچىك بولقالارى ھەم بار. سەندەل ئۇچۇن يوغان كۆكىش سۇ تاشنى سەندەل قىلۇرلار. ئۇلارنىڭ كۆرەك، ئوچاقلارى باردۇر. ھەر ۋەقت مىسنى تاپ بېرىپ ئوچاقتا سالىپ قىزىل چوغدەك قىلغاندا بازغان بىلەن ئىككى ئادەم ئۇرسا تەمۇردىن ئوت ساچراپ چىققاندەك ئوت چىقماسلار. مىسنى بازغان بىلەن ئىككى ئادەم ئۇرۇپ نىفىزراق قىلغاندا كىچىكرەك بولقادا سوقارلار. ئۇلار چوڭ مىس قازان، ئابتابە، چىلاپچى، چاگۇن ياسارلار. ئىشلەتەدۇرغان مىسكە لازىملىق نەرسەلەرى نۇشە دەر، دەنەكە، قورغۇشۇن، قەلەيە، شەخار: مىسنىڭ شىشقلارىنى ئەتمەك ئۇچۇن دەنەكە، قەلەيە ئىشلەتۇرلار. چاگۇننىڭ تۆشۈكلەرىنى پۈتكەزمەك ئۇچۇن ۋە ھەم چاگۇن تېگىگە سالماق، ئاغىز قىلماق ئۇچۇن قوغۇشۇن سالۇرلار. تىشلىپ كەتكەن چاگۇننى داغمال قىلامىز دەپ قوغۇشۇن دەنەكە، نۇشەدەر ئىشلەتۇرلار. تېگى سوقغان قازانلارنى قەلەيەدە ئاقارتارلار. مىس لىگەن، ئاش تەبەقى، كورا، قۇتا شۇنداغ نەرسەلەرنى مىسدە ياسارلار. تۇچنى ھەم مىسكەر ئىشلەتۇرلار. تۇچ چاگۇن، تۇچ چىلىم ياسارلار. نەقىش ئويادۇرغان بولسا تەمۇر قەلەم دەپ بىر ئەسبابى بىلەن ئوياپ نەقىش قىلۇرلار. قازاننى قەلەيە قىلۇر بولسا

دەنەكە، ئۇشادەر قەلەيە بىلەن قىلىۇر. شەخارنى قازان ۋە يا چۆگۈن قەلەيە قىلىۇر بولسا كىيەسىنى* چىقارماق ئۈچۈن شاخاردا قايىناتىپ ساف قىلىپ* قەلەيە قىلىۇرلار.

## زەرگەرنىڭ بەيانى




زەرگەر خاس ئالتۇن كۈمۈش ئەسباب* ياسارلار. ئالتۇن ۋەيا كۈمۈشنى ئېرىتەر بولسا* بۇتا* دېگەن قاچاسىغا سالىپ ئېرىتۇرلار. سوقماق ئۈچۈن بىر نەچچە بولقالارى بار، ئۇشاق- چوڭ بولقالار، شۇنىڭدا سوقارلار. تۆمۈر سەندەل ئۈستىدە قويۇپ ئانى سوقارلار. ئوچاققا سالىپ پۈدىگەندە مىسدىن قىلغان نەي ئەسبابى بىلەن پۈدەيدۇر. ئوچاق ئۈستىگە كۆمۈرنى لاخشىگىر بىلەن كۆمۈرنى تىزىپ سالىپ تۇرۇپ پۈدەپ ئېرىتەدۇر. ئالتۇن ۋەيا كۈمۈشنى سوقۇپ نەقىز قىلغاندا كەسمەك لازىم كەلسە قارچىدا* كېسەرلەر. ئۇشاق، ئۇۋاق ئالتۇن، كۈمۈش پارچەسىنى گۈل كەلتۈرۈپ تىزار بولسا ئۇشاق يىنچىكا* تۆمۈردىن قىلغان قىسقاچلارى بار، ئانىڭ بىلەن تىزار. ئۇلارنىڭ ياساپ ساتادۇرغان ئالتۇن ئەسبابلار ئالتۇن زىرە، ئالتۇن قاداق، ئالتۇن تاج، ئالتۇن باغ يۈزۈك*، ئالتۇن بىلايۈزۈك*، كۈمۈش باش يۈزۈك. كىيە* بولۇپ قالغان ئەسبابلارنى ئاقارتماق كېرەك بولسا ئۇلارنى زەمچە سۈيىگە سالىپ قايىناتىپ ساف* قىلىپ بېرەدۇر. ياكى شەخار سۈيىدە پەردازلاپ بېرەدۇر. زەرگەرلەر ئالتۇن-كۈمۈش ئەسبابلارغا جەۋاھىرات جىنسىدىن زىرەگە، يۈزۈككە كۆز قويغالى فىروزە، چاچ مەرجان، ياقۇت، لەئل، مەرۋارىد*، زۇمۇررەد*، زەبەرجەد، نەيلىم*، ئەقىق* بىلەن شۇنداغ نەرسەلەردە كۆز قويۇپ

ھەم ياسارلار. ئالتۇن كۈمۈش ئىرىتەدۇرغان ئەسبابنى يەئنى بۆتانى چوقا دېگەن قاتتىق تۆمۈردىن ۋەيا چۆيۈن پوقىغا ئوخشا قاتتىق بىر نېمەرسەدىن قاچا سۈرەتىدە قىلغان نېمەرسەدۇر، ئانى بويا ئايتۇرلار. بولقا تۆمۈردىن، دەستەسى يىغاچ، سەندەل ھەم پۈتۈن تۆمۈردىن ئوچاقلاردىن قىلغان بىر تەرەفىدە كىچىك كەتە تولۇمچا، يەل ئۈچۈن ئەچكۈ تىرەسىدە قىلغان نەي، مىسدىن قىلغان نورچەكنى ئاغزىغا سالىپ پۈدەيدۇر. قىسقاچ لاخشىگىردەك ئوتنى كۆمۈرنى قىسىپ تۇتماق ئۈچۈن تۆمۈردىن قىلغان بىر ئەسبابدۇر. ئالتۇن زىرە خاتۇن خەلق قۇلاقىغا سالادۇرغان نېمەرسەنى ئالتۇن زىرە دەرلەر. ئالتۇن قاداق ھەم خاتۇنلار دوپپاسىغا ۋە يا تۇماقىغا قاداپ قويادۇرغان ئالتۇننى تىرەك ياپۇرماقىدەك نىفىز قىلىپ گۈل چىقارىپ ياسايدۇر. ئالتۇننىڭ يا كۈمۈشنىڭ نەقىش گۈلنى چىقارماق لازىم كەلسە تۆمۈردىن ئويۇپ قويغان قالىپ ئۈستىدە سوقۇپ گۈل چىقارادۇر. ئالتۇن تاج دېگەن خاتۇنلار ئۈچۈن باشىغا قويادۇرغان جابدۇق ئەسباب ئۈچۈن ئالتۇن سوقاپ نىفىز قىلىپ تۆت ئىلىك مىقدارى شاخلار قول پەنجەسىدەك قىلىپ شاخلار ئۈستىدە تىللا سوم سۈرەتىدە گۈلدار يۇمۇلاق نىفىز ئالتۇنلار قىلىپ قويادۇر. ئانى ئالتۇن ئايتۇرلار. ئالتۇن باغ يۈزۈكنى بارماقلارىغا سالماق ئۈچۈن جەۋاھىرات جىنسىدىن بىرىنى كۆز قويۇپ ياسارلار. ئالتۇن بىلەزۈك بىلەكلەرىگە سالماق ئۈچۈن خاس ئالتۇندا ياسارلار. بەئزىلەرى كۈمۈش بىلەزۈك ئۈستىگە ئالتۇننى ھەل بېرەدۇرلار. ئالتۇن پىپىندە، كۈمۈش پىپىندە دېگەننى ئالتۇننى ياپالاق قىلىپ قىزىل گۈلنىڭ بىر تال ياپۇرماقىنىڭ سۈرەتىدە ياكى كەپەلە قاناتىدەك قىلىپ ياسارلار، ئانى پىپىندە ئايتۇرلار. جەۋاھىرات جىنسىدىن مەرۋارىددىن باشقاسى ھەممەسى كانى تاشدۇر. مەرۋارىدىن سۈدىن چىقار، ئانىڭ پوستىنى سەدەف ئايتۇرلار، مەرۋارىد پارسى، ھۈنچە تۈركى، لۈئى لۈئى ئەرەبىدۇر.

يەشمىسى

## دېھقانچىلىقنىڭ بايانى

دېھقانچىلىق ئادەمنىڭ كەسپىدۇر. ھاۋائانا بۇغداينى ئۆزىمۇ يەپ ھەم ئېرى ھەزرىتى ئادەمگىمۇ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ گۇناھقا پاتقاندا، ئادەمگە «پېشانەڭنى تەرلىتىپ جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن نېنىڭنى يەرسەن» دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن، يەرگە ئىشلەپ دېھقانچىلىق قىلماق ھەممە ئادەمگە مىراس قالغانىكەن. يەر ھەرقانچە ئوبدان بولسىمۇ بەش ـ ئون يىل ئىشلىمەي تاشلاپ قويسا ھەر خىل ئوت ـ چۆپلەر ئۈنۈپ، ھەممە يەر شورلۇق بولۇپ، تېگىدىن زەي ئۆرلەپ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. قۇرۇق سېغىز يەر بولسا ئاپتاپنىڭ ھارارىتىدىن قارىداپ كېتىدۇ. ئەسلى ھەممە يەر يۈزى گۈلزارلىق ئىدى. تىكەن، يانتاق، ئازغان، جىغانلارنىڭ ئورنىدا كۆپىنچىسى مېۋىلىك دەرەخلەر بار ئىدى. بۇغدايمۇ ئادەم ئىگىدارلىق قىلغان باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەممىدىن مۇھىم بىر تۈپ دەرەخ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى يەرگە ئىشلەپ، بۇغداينىمۇ باغدىن چىقىرىپ، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگىچە ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى يەپ، تىرىكچىلىك قىلىشقا ئىرادە قىپتۇ. ئادەم بىلەن ھاۋانى يەر يۈزىگە قايتۇرغاندا بۇغداينىمۇ باغدىن چىقىرىپ، يەرگە تېرىپ ئوراپ نان قىلىپ يېيىشكە تەقدىر قىپتۇ. بۇغدايدىن باشقا مېۋە ياكى دەرەخلەرنى كۆچەت قىلىپ قويىدۇ. يالغۇز بۇغداي بىلەن ئۇنىڭ جۈملىسىدىن بولغان ئارپا، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، شال، تېرىق،

ماش، نوقۇت، چۈژگۈن قوناق، زىغىر، كەندىر، كۈنجۈت، زاراڭزا، كېۋەز، چامغۇر، پىياز، سەۋزە، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەرنى يەرگە تېرىپ يەيدۇ.

يەرگە ئىشلەپ زىرائەت قىلىش ئۈچۈن ئەسۋاب لازىم بولىدۇ. يەرنى تۈزلىگىلى ئات ھارۋا، ئېشەك، تاغار؛ يەرنى ھەيدىگىلى ئۆي، ئۆيغا ئىشلەتكىلى بۇقۇسا، بويۇنتۇرۇق، سۆرەم، چىش لازىم بولىدۇ.

بىر كىشى بىر پارچە زېمىنغا زىرائەت تېرىماقچى بولسا، شۇ يەرنىڭ ئېتىزلىرىنىڭ قىرلىرىنى كەتمەن بىلەن توپا سېلىپ ئېگىز قىلىدۇ. ئېتىزنىڭ دۆڭ يەرلىرىنى ئات ھارۋىسى بىلەن كەلتۈرۈپ، ئاغدامىغا ئۆسۈپ، چوڭقۇر يەرلەرگە تۆكۈپ، ئېتىزلارنى تۈز قىلىپ راسلاپ، سۇ قۇيۇپ، ئۇسا قىلىپ كېلىشكەندە بىر جۈپ ئۆي كەلتۈرۈپ، بويىنغا بويۇنتۇرۇق سېلىپ، بويۇنتۇرۇققا كۈچ ياغىچى بىلەن بۇقۇسنى بېكىتىپ، بۇقۇساغا چىش بېكىتىپ، تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ، يەرنى تۆت - بەش قېتىم ھەيدەپ يۇمشىتىپ، ئاندىن تاغارغا قىغ ئۇسۇپ، ئېشەككە ئارتىپ يەرگە قويۇلۇپ، ئاندىن يەرگە قىغنى چېچىپ، ئۇرۇق چېچىپ ھەيدەپ، سۇ قۇيىدۇ ياكى بالدۇر سۇ قۇيۇپ ئاندىن قىغ قۇيۇپ چېچىپ، كېيىن ئۇرۇق سېلىپ ھەيدەپ ئاندىن سۆرەمدە باستۇرۇپ قويىدۇ. زىرائەت ئۈنۈپ تەڭشەلگەندە سۇ قۇيۇپ، پىشىپ تەييار بولغۇچە خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. پىشقاندا ئورغاق بىلەن ئورۇپ، خامانغا ئەكېلىپ، يۇمشىتىپ سورۇپ ئالىدۇ. خامانغا ئارا، گۈرجەك، غەلۋىر، ئۆتكەمە لازىم بولىدۇ.

## مال بېقىشنىڭ بايانى

مال بېقىش ھابىلنىڭ كەسپىدۇر. نۇرغۇن پادىشاھلارمۇ مال باققانىكەن. مال بېقىش بىلەن ئىنسان تېز باي بولىدۇ. مال بىر خىل ئەمەس، ھەرخىل بولىدۇ. تۆگە، ئات، قوتاز، كالا، قوي، ئۆچكە، ئېشەكلەرنىڭ بالىلىرى بار. تۆگە، ئات، قوتاز، كالا، ئېشەكلەرنى ئۆز قەرەلىدە ئەركىكىگە قويۇپ خەۋەر ئالمىسا تېز كۆپەيمەيدۇ. قوي، ئۆچكە تېز كۆپىيىدۇ، بالىلىرىمۇ تېز تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مالچىلار قوي بىلەن ئۆچكىنى كۆپرەك باقىدۇ. تۆگىنىڭ بالىسىنى بوتىلاق، ئاتنىڭ بالىسىنى تايچاق، كالىنىڭ بالىسىنى موزاي، قوتازنىڭ ۋە ئېشەكنىڭ بالىسىنى خوتەك، قوينىڭ بالىسىنى قوزا، ئۆچكىنىڭ بالىسىنى ئوغلاق دەيدۇ.

قەشقەرگە تەۋە ئاراشور دېگەن كەنتتە مىرئۇلاق باي دەپ بىر بىچارە كىشى بار ئىدى. بۇ كىشى نان تىلەپ تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆيمۇ ئۆي تىلەمچىلىك قىلىپ بىر مال باقىدىغان باي كىشىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ سەدىقە تىلىدى. باي كېسەل ئىدى. چوڭ ئوغلى ئېغىلغا كىرىپ، ئورۇق بىر ئۆچكىنى ئېلىپ چىقىپ سەدىقە قىلدى. ئۇ گاداي ئورۇق ئۆچكىنى ماغدۇرالماي ئۆشنىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ناھايىتى تەسلىكتە ئۆيىگە ئەكېلىپ باقتى. ئوبدان بېقىۋىدى، ئۆچكە سەمىرىپ ئوبدان بولۇپ قالدى. بەش - ئالتە ئايدىن كېيىن چىرايلىق ئىككى ئوغلاق تۇغدى. بۇلار ئوغلاقلىرىنى كۆرگەندە ناھايىتى خۇش بولۇپ باقتى. يىلدىن - يىلغا ئۆچكىلەر كۆپىيىپ ئوغلاقلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەركەكلىرىنى سېتىپ پۇلىغا ياش پاقلان ئېلىپ مېلىغا قوشۇپ قويىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆچكە، قويلىرى كۆپىيىپ چوڭ باي بولدى. يەر - هويلا سېتىۋېلىپ يۇرت خەلقىنىڭ ئالدىدا ئىززەت تاپتى. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ دۇنيادىن ئۆتتى. ئوغۇل - قىزى ۋە نەۋرىلىرى كۆپ ئىدى. يۇرت

خەلقى مىرئۇلاق باينى كۆرگەندە بۇ قەسىدىنى ئوقۇيتتى.

قەسىدە

شاھنى گاداي قىلۇر
گادايىنى شاھ قىلۇر
بارنى يوق قىلۇر
يوقنى بار قىلۇر
چۆلنى باغ قىلۇر
باغنى چۆل قىلۇر
ئەمدى ئەزىز بولۇپ گاداي
ئاخىر يوق بولۇر گاداي

## بېلىقچىنىڭ بايانى

بېلىقچى بېلىق تۇتقىلى تور ئىشلىتىدۇ. موزايىبېشىنى ئىنچىكە يىپقا تىزىپ، تورنىڭ ئىچىگە تارتىپ قويىدۇ. دەريالارنىڭ قايناملىرىغا تور سالسا بىر ھازا تور سالىدۇ. يەنە بىر ئادەم قولىغا ئۇزۇن بادرا ياغاچ ئېلىپ، يىراقتىن سۇنى ئۇرۇپ، تېگىنى مالتىلاپ، بېلىقلارنى ھەيدەپ بېرىدۇ. بېلىق كىرسە تور ھەرىكەت قىلىدۇ. تورنى تارتىپ بېلىقنى تۇتۇۋالىدۇ. ئادەمنىڭ بويى يەتمەيدىغان تۇگمەننىڭ غۇلۇۋىلىرى، بۇلاق، دەريانىڭ قايناملىرىغا، قاماقنىڭ ئۇچىغا خېمىر ياكى گۆش، موزايىبېشى، چېكەتكە قاتارلىق نەرسىلەرنى سانجىپ، بېلىقنى سۇدىن تارتىپ تۇتىدۇ. بېلىق كۆپ بولسا دورا تاشلاپ مەست قىلىپ، بېلىق سۇ يۈزىگە لەيلىگەندە چاپما سىخ دېگەن ئۇزۇن دەستىلىك قارماق بىلەن چېپىپ ئالىدۇ. بېلىق بىرنەچچە خىل بولىدۇ. شىمال بېلىقى ئاق بولىدۇ. قارا بېلىق، بەكجان بېلىق، پاقىباش بېلىق، چىمبېلىق، قىسقا قورساقلىق بولىدۇ. ئىنچىكە يىك قۇرۇقبېلىق، يارغاقبېلىق بولىدۇ.

## تۆمۈرچىنىڭ بايانى

ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى پۈتۈنلەي تۆمۈردۇر. ئەسۋابلىرى بازغان، بولقا، سەندەل، كۆرەك، ئوچاق، ئورا، ئۆچكە تېرىسىدە پەش ۋە تۆمۈرگە ئىشلىتىدىغان كۆمۈردۇر. بازغان چوڭ يوغان بىر بولقىدۇر. تۆمۈر ئوتتا تاۋلىنىپ قىزىل چوغ بولغاندا سەندەل ئۈستىدە قويۇپ ئىككى يوغان بازغاننى ئىككى كىشى قولىغا ئېلىپ بىرسى بازغان ئۇرۇپ بولغاندا يەنە بىرسى ئۇرۇپ سوقىدۇ. قىزىل چوغ بولغاندا بازغان ئۇرسا ئوتلار پاژ ـ پۈژ قىلىپ ھەر تەرەپكە چېچىلىدۇ. بەزىدە يوغان، بەزىدە كىچىك نەرسىلەرنى تۆمۈرچى قىلىدۇ. كىچىكرەك ئىشنى بولقا بىلەن قىلىدۇ. بازغان، بولقا، سەندەل خالىس تۆمۈردىندۇر. بازغان، بولقىلارنىڭ دەستىسى ياغاچتىن بولىدۇ، سەندەلنى بىر كۆتەككە بېكىتىپ قويىدۇ. كۆرەك ئۆچكە تېرىسىدىن قىلىنغان بىر تۇلۇم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يەل بېرىپ ئوت پۈۋلەشكە ئىشلىتىدۇ. ئوچاقنى كۆمۈر سېلىپ تۆمۈرنى قىزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئورا تۆمۈر سوققاندا ئورىغا كىرىپ تۇرۇپ سوقىدۇ. ئۆچكە تېرىسىنى ئالدىغا تارتىپ ئوت چاچراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىشتان قىلىپ كىيىۋالىدۇ. تۆمۈرچىنىڭ يەنە ئېكەك، قەلەم، ئۇشكە، پىچاق، چاق دېگەندەك بىرنەچچە خىل ئەسۋابلىرى

بولىدۇ. تۆمۈرچىنىڭ ياسايدىغان ئەسۋابلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن مەسىلەن، ئورغاق، كەتمەن، پالتا، كەكە، تاقا ۋە مىخ، زەنجىر، قاغىتۇمشۇق، قۇلۇپ، ئاچقۇچ، ئىشكەل ۋە يەنە باشقا ھەرقانداق تۆمۈر بىلەن بولىدىغان ئەسۋابلارنى ياسايدۇ. پىچاق، قايچا، بىگىز، دىيەپشە، تۆمۈر تاياقچە، جۇۋالدۇرۇز قاتارلىق ئەسۋابلارنى تۇنىكە تۆمۈر بىلەن ئەمەس، بەلكى چىۋىق تۆمۈردىن ياسايدۇ. تۆمۈرنى تاۋلاپ ئوچاقتىن چىقارغاندا بىر خىل داشقالدەك قاتتىق بىر نەرسە چىقىدۇ، مانا بۇنى تۆمۈر پوقى دەيدۇ.

## مىسكەرنىڭ بايانى

مىسكەر ئومۇمەن مىس ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ بولقىلىرى بار بولۇپ، ئۇنىمۇ بازغان دەيدۇ. كىچىك بولقىلىرىمۇ بار. يوغان كۆكۈچ سۇ تېشىنى سەندەل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرەك، ئوچىقى بار. ھەر ۋاقىت مىسنى ئوچاقتا سېلىپ تاۋلاپ قىزىل چوغدەك قىلغاندا ئىككى ئادەم بازغان بىلەن ئۇرسا تۆمۈردىن ئوت چاچراپ چىققاندەك ئوت چىقمايدۇ. مىسنى بازغان بىلەن ئىككى ئادەم ئۇرۇپ نېپىزرەك قىلغاندا كىچىكرەك بولقىدا سوقىدۇ. ئۇلار چوڭ مىس قازان، ئاپتۇۋا، چىلاپچا، چۆگۈن ياسايدۇ. مىسكەرنىڭ ئىشلىتىدىغان لازىملىق نەرسىلىرى نۇشتەر، دەنەكە، قوغۇشۇن، قەلەي، شاخار؛ مىسنىڭ يېرىقلىرىنى ئېتىشكە دەنەكە، قەلەي ئىشلىتىدۇ. چۆگۈننىڭ تۇشۇكلىرىنى پۇتكۈزۇش ھەم چۆگۈنگە تەگ سېلىش، ئېغىز سېلىش ئۈچۈن قوغۇشۇن سالىدۇ. تېشىلىپ كەتكەن چۆگۈننى داغىماللايمىز دەپ قوغۇشۇن دەنەكە، نۇشەدەر ئىشلىتىدۇ. قازاننىڭ تېگىنى ئاقارتىش ئۈچۈن قەلەي ئىشلىتىدۇ. مىس لېگەن، ئاش تاۋىقى، كورا، قۇتا دېگەندەك نەرسىلەرنى مىستا ياسايدۇ. تۇچنىمۇ مىسكەر ئىشلىتىپ، تۇچ چۆگۈن، تۇچ چىلىم ياسايدۇ. نەقىش ئويماقچى بولسا تۆمۈر قەلەم دېگەن ئەسۋاب بىلەن ئويۇپ نەقىش قىلىدۇ. قازاننى قەلەي قىلماقچى بولسا، قەلەي بىلەن قىلىدۇ. شاخارنى قازان ۋە ياكى چۆگۈننىڭ كىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن قايىنتىپ پاكىز قىلىپ قەلەي قىلىدۇ.

## زەرگەرنىڭ بايانى

زەرگەر ئومۇمەن ئالتۇن، كۈمۈش ئەسۋاب ياسايدۇ. ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى ئېرىتمەكچى بولسا بۇتا دېگەن قاچىسىغا سېلىپ ئېرىتىدۇ. سوقۇش ئۈچۈن بىرنەچچە بولقىلىرى بار بولۇپ، تۆمۈر سەندەل ئۈستىدە قويۇپ سوقىدۇ. ئوچاققا سېلىپ پۈۋلىگەندە مىستىن ياسالغان نەي بىلەن پۈۋلەيدۇ. ئوچاقنىڭ ئۈستىگە كۆمۈرنى لاخشىگىر بىلەن تىزىپ نەينى ئوتقا سېلىپ تورۇپ پۈۋلەپ ئېرىتىدۇ. ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى سوقۇپ نېپىز قىلىپ كەسمەكچى بولسا قايچىدا كېسىدۇ. ئۈششاق، ئۇۋاق ئالتۇن، كۈمۈش پارچىلىرىنى گۈل كەلتۈرۈپ تىزماقچى بولسا ئۈششاق ئىنچىكە تۆمۈردىن قىلىغان قىسقۇچلارى بىلەن تىزىدۇ. ئۇلارنىڭ ياساپ ساتىدىغان ئالتۇن ئەسۋابلىرى ئالتۇن زىرە، ئالتۇن قاداق، ئالتۇن تاج، ئالتۇن باغ ئۈزۈك، ئالتۇن بىلەزۈك، كۈمۈش باش ئۈزۈك قاتارلىقلار. كىر بولۇپ قالغان ئەسۋابلارنى ئاقارتماقچى بولسا ئۇلارنى زەمچە سۈيىگە سېلىپ قايىنتىپ پاكىز قىلىپ بېرىدۇ ياكى شاخار سۈيىدە پەردازلاپ بېرىدۇ. زەرگەرلەر ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە جاۋاھىراتلاردىن زىرە، ئۈزۈككە فىرۇزە، چاچمارجان، ياقۇت، لەئل، مەرۋايىت، زۇمرەت، زەبەرجەد، ھېقىق دېگەندەك نەرسىلەردە كۆز قويۇپمۇ ياسايدۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېرىتىدىغان ئەسۋاب يەنى بۇتا چوقا دېگەن قاتتىق تۆمۈردىن ياكى چويۈن پوقىغا ئوخشاش

قاتتىق بىر نەرسىدىن ياسالغان قاچىغا ئوخشاش نەرسىدۇر. بولقا تۆمۈردىن (دەستىسى ياغاچ)، سەندەلمۇ پولاتتىن ياكى تۆمۈردىن ياسالغان. ئوچاقلىرىنىڭ بىر تەرىپىدە كىچىك تولۇمچە، ئۆچكە تېرىسىدىن ياسالغان نورچەك دەپ ئاتىلىدىغان ئەسۋابنى ئېغىزىغا سېلىپ پۈۋلەيدۇ. قىسقۇچ لاخشىگىرغا ئوخشاش كۆمۈرنى قىسىپ تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەسۋابتۇر. خوتۇنلار قولىقىغا سالىدىغان نەرسىنى ئالتۇن زىرە دەيدۇ. ئالتۇن قاداقمۇ خوتۇنلار دوپپىسىغا ۋە ياكى تۇمىقىغا قاداپ قويىدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالتۇننى تېرەك يوپۇرمىقىدەك نېپىز قىلىپ گۈل چىقىرىپ ياسايدۇ. ئالتۇننىڭ ياكى كۈمۈشنىڭ نەقىش گۈلىنى چىقارماقچى بولسا تۆمۈردىن ئويۇلغان قېلىپ ئۈستىگە سوقۇپ چىقىرىدۇ. ئالتۇن تاجنى خوتۇنلار بېشىغا تاقاش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئالتۇننى سوقۇپ نېپىز قىلىپ تۆت ئىلىك مىقدارىدا قولنىڭ پەنجىسىدەك قىلىپ، ئۈستىگە تىللانىڭ شەكلىدە گۈل چىقىرىدۇ. ئالتۇن باغ ئۈزۈكنى بارماقلىرىغا سېلىشتا جاۋاھىرات تۈرىدىن بىرىنى كۆز قويۇپ ياسايدۇ. بىلىكىگە سالىدىغان ئالتۇن بىلەزۈكنى خاس ئالتۇندا ياسايدۇ. بەزىلىرى كۈمۈش بىلەزۈكنىڭ ئۈستىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىدۇ. ئالتۇن پىپىندە، كۈمۈش پىپىندىلەرنى ئالتۇننى ياپىلاقلاپ، قىزىلگۈلنىڭ بىر تال يوپۇرماقىدەك ياكى كېپىنەك قانىتىدەك قىلىپ ياسايدۇ، مانا بۇنى پىپىندە دەيدۇ. جاۋاھىرات تۈرىدىن مەرۋايىتتىن باشقىسى كان تېشىدۇر. مەرۋايىت سۇدىن چىقىدۇ، ئۇنىڭ پوستىنى سەدەپ دەيدۇ، مەرۋايىت پارىسچە، ئۇنچە تۈركىيچە، لۈئلۈ ئەرەبچىدۇر.

ئىزاھلار:

① كەسەب ــ كەسىپ
② بۇبى ھاۋا ــ ھاۋا ئانا
③ دەرەخت ــ دەرەخ
④ مەشەققەت ــ مۇشەققەت
⑤ تابۇشىدىن ــ قىزىتىشىدىن
⑥ قارارىپ ــ قارىداش
⑦ ئەندەكى باغ ــ بېھىش، جەننەت
⑧ ئەفزەل ــ ئەۋزەل
⑨ نوخۇد ــ نوقۇت
⑩ زەردەك ــ سەۋزە
⑪ تاربۇز ــ تاۋۇز
⑫ دۆش ئالغالى ــ دۆڭلەرنى تۈزلەش
⑬ چومقۇر ــ چوڭقۇر
⑭ ساپكەسىدىن ــ تۇتقۇچىدىن
⑮ مىرە قىلىپ ــ يۇمشىتىپ
⑯ تولا ــ كۆپ، نۇرغۇن
⑰ بەئزى ــ بەزى
⑱ مال باقماق بىرلە ــ مال بېقىش بىلەن
⑲ پات ــ تېز
⑳ ئەچكۇ ــ ئۆچكە
㉑ بالالارى ــ بالىلىرى
㉒ خەبەر ئالماسا ــ خەۋەر ئالمىسا
㉓ تېۋە ــ تۆگە
㉔ تابىئى ــ تەۋە
㉕ گەدالىق ــ گادايلىق، تىلەمچىلىك
㉖ ئىشكىدىن ـ ئىشىككە ــ ئۆيمۇ ئۆي
㉗ سەزا قىلدى ــ ئىدا قىلدى
㉘ نىياز قىلماق ــ ھەدىيە قىلماق، سەدىقە قىلماق
㉙ تولا تەرسلىك بىرلە ــ ئىنتايىن مۇشەققەتتە، ئىنتايىن تەستە
㉚ سۇمۇرۇپ ــ سەمرىپ
㉛ غولداپ ــ كۆپىيىپ
㉜ يېشى پاقلان ــ كىچىك پاقلان، ياشقا كىرمىگەن پاقلان
㉝ شۇ تەرىقە بىلە ــ مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا، مۇشۇ رەۋىشتە
㉞ زىيادە بولۇپ ــ كۆپىيىپ
㉟ ئۇمىر ــ ئۆمۈر
㊱ نەبرە ــ نەۋرە
㊲ ئىباد ــ قەسىدە، شېئىر
㊳ بېلىق
㊴ ئىنچىكە
㊵ ئازما
㊶ بادرا، كالتەك
㊷ يىراقتىن
㊸ مالتىلاپ
㊹ تۇگمەن
㊺ تۇگمەننىڭ سۇ چۈشىدىغان جايى
㊻ گۆش
㊼ چېكەتكە
㊽ دورا
㊾ قارماق، ئىلمەك

⑤⓪ تەمۈر — تۆمۈر
⑤① ئورە — ئورا
⑤② ئەچكۈ — ئۆچكە
⑤③ پەش — بىر خىل مەش، ئوچاق
⑤④ تاب يەپ — تاۋلىنىپ
⑤⑤ پاج - پاج — پاژ- پۇژ
⑤⑥ ساچىلۇر — چېچىلماق
⑤⑦ ئەسباب — ئەسۋاب
⑤⑧ يىغاچ — ياغاچ
⑤⑨ بىركەتىكلىك — ئورنىتىقلىق
⑥⓪ پۈدۈمەك — پۈۋلىمەك
⑥① خىچاق — پىچاق
⑥② چەرخى — چاق
⑥③ سەرەنجام — ئەسۋاب، سايمان
⑥④ ئورغاق — ئورغاق
⑥⑤ پالتۇ — پالتا
⑥⑥ كەركە — كەكە
⑥⑦ قەفۇل — قۇلۇپ
⑥⑧ ئاچقۇ — ئاچقۇچ
⑥⑨ ھەرقايداغكى — ھەرقانداق
⑦⓪ قارچا — قايچا
⑦① دەرەفشا — دىيەپشە
⑦② كوبا — تۆمۈر تاياقچە
⑦③ تۈنەكە تەمۈر — تاختا تۆمۈر، تۈنىكە تۆمۈر
⑦④ سىغ تاختا تەمۈر — چىۋىق تۆمۈر
⑦⑤ تابلاپ — تاۋلاپ
⑦⑥ كۆكىش — كۆكۈچ
⑦⑦ نىغىزراق — نېپىزرەك
⑦⑧ ئاپتابە — ئاپتۇۋا
⑦⑨ چىلاپچى — چىلاپچا
⑧⓪ چاگۈن — چۆگۈن
⑧① نۇشەردەر — نۇشتەر
⑧② دەنەكە — تاختاي مىس
⑧③ قورغۇشۇن — قوغۇشۇن
⑧④ قەلەيە — قەلەي
⑧⑤ شەخار - شاخار يېلىم
⑧⑥ شىشىق — يېرىق
⑧⑦ ئاش تەبەقى — ئاش تاۋىقى
⑧⑧ كىيەسى — كىر
⑧⑨ ساف قىلىپ — پاكىز قىلىپ
⑨⓪ ئەسباب — ئەسۋاب
⑨① ئېرىتەر بولسا — ئېرىتمەكچى بولسا
⑨② بۇتا — ئېرىتىش قاچىسى
⑨③ قارچا — قايچا
⑨④ يىنچىكا — ئىنچىكە
⑨⑤ ئالتۇن باغ يۈزۈك — ئالتۇن باغ ئۈزۈك
⑨⑥ بىلايۈزۈك — بىلەزۈك
⑨⑦ كىيە — كىر
⑨⑧ ساف — ساپ، پاكىز
⑨⑨ مەرۋارىد — مەرۋايىت
①⓪⓪ زۇمۇررەد — زۇمرەت
①⓪① نەيلىم — بىر خىل جاۋاھىرات
①⓪② ئەقىق — ھېقىق
①⓪③ كەتە تۇلۇمچا — پارچە تۇلۇمچە
①⓪④ ياپۇرماقىدەك — يوپۇرمىقىدەك
①⓪⑤ نىغىز — نېپىز
①⓪⑥ قالىپ — قېلىپ
①⓪⑦ ياپالاق — ياپىلاق
①⓪⑧ كەپەلە — كېپىنەك
①⓪⑨ كانى تاش — كان تېشى

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمى جەمئىيىتىدە)

بۇغدا ئابدۇللا

# ئەمەت ئۆمەر تاشۋاي ھەققىدە[1]

تاشۋاي 1864 ـ يىلى قەشقەر شەھەر ئىچىدە بىر نامرات ھامال (يۈك توشۇغۇچى) ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، يەتتە يېشىدا دادىسى بولغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى توققۇز يېشىدا ئانىسى ۋاپات بولۇپ ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم قالغان بولۇپ، سەرگەردانلىقتا ئۆزىگە ئوخشاش يېتىم باللارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ دادىسى راۋاب چالىدىغان كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ بىر چىرلاق راۋابىدىن باشقا ھېچنەرسە مىراس قالمىغان. ئۇ دادىسىدىن قالغان راۋابنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا كونا جەمئىيەتنىڭ زۇلمەتلىك كۈنلىرنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە باشلىغان. ئۇ ئاچ ـ زارلىقتا قىش كۈنلىرى ئاشپەزنىڭ ئوچىقىدا، ناۋايىنىڭ تونۇرىدا كۈلگە مىلىنىپ قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا ئاجىز تېنىنى قوغدىغان. ئاچ قالغان چېغىدا تىلەمچىلىك بىلەن باي ـ غوجاملارنىڭ ئىشىكىدە ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈنلەردە سەدىقە تىلەپ كۈن ئۆتكۈزگەن. لېكىن، مۇنداق يەرلەرگە بارغاندا پاششاپ، چارىكەردى[2]لەرنىڭ دەشنام، تىل ـ ھاقارەتلىرى بىلەن ھەيدىلەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا باي ۋە سودىگەر باللىرى بۇ يالىڭاچ باللىنى كۆرۈپ ئۇرۇپ ـ قوغلاپ ئازاب سالغاچ، كۆپ ۋاقىتلاردا يۈز ـ كۆزلىرى قىيما ـ چىيما، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ھالدا ئادەم يوق جايلاردا ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. تاشۋاينىڭ باللىق چاغلىرىدىكى دوستى بارات ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، «مەدىكار بازىرىدا مېنى كىچىك دەپ مەدىكارلىققا ئالماي ئاچ ـ توق يۈرەتتىم. يازدا ئۈجمە پىشقاندا كۈنۈم خېلى ياخشى ئۆتەتتى. قورسىقىم خېلى توق تۇراتتى. قورسىقىم ئاچسا ئۈجمە يەپ، سايىسىدا راۋاب چېلىپ، بىرقانچە يازنى شۇنداق ئۆتكۈزەتتىم» دېگەن. تاشۋاي 10 ياشقا كىرگەن چاغلاردا قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق بولغان بىر كېچىسى ھېيتگاھدا ئاشپەزلىك قىلىدىغان بىر تۇل ئايالغا سۇ توشۇپ، ئوتۇن يېرىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئوچۇقچىلىقتىكى ئوچاقنىڭ ئىچىدە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرۈپ، قار ياغقان بىر كېچىسى ئۇخلاپ قېلىپ، سوغۇقتىن مۇزلاپ قېلىش ھالىتىگە كېلىپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ ياش جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، يېرىم كېچە بولغاندا قورقۇپ قاتتىق يىغلايدۇ ۋە ئۇخلاپ ياتقان ئەل ـ مەلىنى ئويغىتىۋېتىدۇ. لېكىن، كونا جەمئىيەتتە تاشۋايدەك كوچىدا قېلىپ، سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ قالغان ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم ـ يېسىرلار نۇرغۇن ئىدى. ئۇلار ھاياتلىق ئۈچۈن ھامان كۈرەش قىلاتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇشقا بىر ماكاننى تېپىۋالغان. بۇ ماكان گۈلەخ[3]. شۇ جەمئىيەتتە ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم باللار ئاچ ـ توق قېلىپ، تۇرار ماكانى يوق، سەرگەردان ياش ـ ئۆسمۈرلەر، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىدىن قالغان قېرىلارنىڭ ماكانى بولۇپ، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىگە سېلىنغان ھامام (مۇنچا)نىڭ كۈلىنى تارتىدىغان، چوڭقۇرلۇقى 2 ـ 3 مېتىر، كەڭلىكى 20 ـــ 30 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان كۈل دۆۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ياتقان يېتىملارنىڭ كۈل ئىچىدىن پەقەتلا بېشى چىقىپ تۇراتتى. بۇلار قارا قىشنىڭ زىمىستان كېچىلىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى.

تاشۋاينىڭ ھېلىقى ئېچىنىشلىق ئاۋازى بىر قېتىم يېرىم كېچىدە شۇ گۈلەختىكى ھېلىقى سەرگەردانلارنى ئويغاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بارات دېگەن بىر يېتىم بالا بۇ ئېچىنىشلىق ئاۋازغا قۇلاق سېلىپ، يېنىدا ياتقان دوستىغا «ئاڭلاۋاتامسەن؟ بىر يېتىم بالىنىڭ قورقۇنچلۇق يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. بۇنى دەرھال قۇتقۇلدۇرۇپ قالمىساق مۇزلاپ ئۆلۈپ قالىدۇ» دەيدۇ. دەرھال كۈل ئىچىدىن چىقىپ، ئاۋاز چىقىۋاتقان جايغا ئۇچقاندەك بېرىپ، ئوچاقنىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ، كۆكسىگە راۋابنى چىڭ بېسىپ، يىغلاپ مادارىدىن كېتىپ، مۇزلاپ ئۆلۈپ قېلىش خەۋپىدە قالغان بىر گەۋدىنى دەرھال چاپانغا ئوراپ كۆتۈرۈپ، تېزلىك بىلەن گۈلەخكە ئەكېلىپ ئىسسىق كۈلگە كۆمىدۇ ۋە قايناق سۇ ئىچۈرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باشقا يېتىمچىلار كۈل ئىچىدىن گەۋدىسىنى چىقىرىپ، بۇ سىنىپپى قېرىندىشىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، يىغلىشىپ ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ. ھوشىغا كەلگەن تاشۋاي قېرىنداشلىرىنىڭ مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىدۇ. گۈلەختىكى قېرىنداشلىرى كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلىشىپ تاشۋايغا خەيرىخاھلىق بىلدۈرۈشىدۇ. تاشۋايمۇ ئۇلارغا بارلىق سەرگۈزەشتىسىنى يىغلاپ سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان يېتىمچىلار تاشۋاينى ئۆزىنىڭ سېپىگە قوشۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاشۋايمۇ گۈلەخنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالىدۇ. تاشۋاينىڭ دادىسىدىن قالغان راۋابنى ئەلەملىك مۇڭغا تولغان ھالدا، خۇددى شۇ گۈلەختىكى يېتىملارنىڭ يۈرەك دەردى بولغان «زاراخەتمە » ناملىق پەدىگە چېلىپ، ھەممە يوقسۇل بىچارىلەرنىڭ ئىچىدە ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغايدۇ. بۇ ناخشا راۋاب بىلەن ئېيتىلغاندا گۈلەختىكىلەر ساپايە ـ تاۋاقلىرىنى راۋابقا تەڭكەش قىلىپ، ھەممىسى خور شەكلىدە ئوقۇيدۇ. چۈنكى، بۇ «زاراخەتمە» ناملىق تاياق، مۇشتلىرىنى ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ يېمىگەن غېرىب يوق ئىدى.

زاراخەتمە ئاش بولدى،
نەزەر ئاخۇنباي باش بولدى.
بايۋەچچىگە ئاش بولدى،
غېرىبلارغا مۇش بولدى.

تامدا پاختەك، باغدا ئۆردەك،
مايسا چايناپ كېلىدۇ.
نەزىرىگە موللام ـ سوپىلار
نامازنى تاشلاپ كېلىدۇ.

ئاخۇنۇم ھۇۋقۇش سوپى،

نەچچىدە باردۇر ياشلىرى.
سەللە ئىچىدە مىس قازاندەك
پارقىرايدۇ باشلىرى.

ئاخۇنۇم ھۇۋقۇش سوپى،
خۇيىمۇ ياراشقان تونلىرى.
كەمبەغەلنى قاقشىتىپ،
قۇرۇپ كەتكەن قوللىرى.
ۋايداد ئەلەم، يا دوست،
دەردى ـ ئەلەم يا دوس،
قانداق قىلىمىز دوستلىرىما.

خورنى تاماملىغاندا ھەممەيلەننىڭ پىغانى چىققاندەك، ئاچ كۆز باي ـ غوجاملارنىڭ قىياپىتى كۆزىگە كۆرۈنۈپ، مەسخىرە قىلىپ، يېنىدىكى ئاز ـ تولا يېمەكلىكلىرى بىلەن تاشۋاينى مېھمان قىلىشىپ، ئورۇنلىرىدا ئۇخلاپ قېلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ گۈلەخ دېگەن يەر يېتىم ـ ئاجىزلارنىڭ ھەم ئىسسىق ماكانى، ھەم دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەتلىرىنى تۆكىدىغان ئورۇنغا ئايلانغانىدى. تاشۋاي بۇلارنىڭ ئىچىدە خۇددى گۆھەر ياكى بۇلبۇل بولۇپ كۆرۈنەتتى، بىر قېرى، كۆزى ئاجىز ئادەم: «بۇ يەر بىر دوزاخ ئىدى، تاشۋاي كېلىپلا جەننەتكە ئايلاندى» دېگەن. تاشۋاي راۋابىنىڭ ئاۋازى يېقىن ئەتراپقا ئاڭلىنىپ،

بەزىبىر ساز ـ مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلىغان كەمبەغەللەرمۇ كېچىلىرى راۋاب ئاڭلىغىلى كېلىدىكەن. تاشۋاينىڭ چالغان راۋابى باي ـ غوجاملارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. ئۇلار بۇ خۇشاللىق سۈرەندىن ئۆلگۈدەك قورقۇشۇپ: « كېچىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ، بىزگە ئارام بەرمەي، ئۇخلىغىلى قويمىدى» دەپ ئەرز قىلغان. بىر باي چىقىپ گۇلەختىكىلەرگە: «سەنلەر خۇدانىڭ غەزىپىگە يولۇققان مەخلۇقلار، ئەگەر ئىسسىق جايدىن ئايرىلاي دېسەڭ ناخشا ئېيتىپ، راۋاب چېلىش، بولمىسا جىم يېتىپ ـ قوپۇشمىساڭ ھەممىڭ گۇلەختىن ھەيدىلىشىسەن» دېگەندىن كېيىن نائىلاج كېچىسى ناخشا ـ راۋابنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

گۇلەخنىڭ يېنىدا بىر ئۆتۈك بازىرى بولۇپ، ھەر پەيشەنبە چوڭ بازار بولاتتى. بۇ بازارغا باشقا ھۇنەرۋەنلەر قاتارىدا تاشۋاي، سامسىپەزلەرمۇ تىجارەت ئۈچۈن كېلەتتى. شۇ قاتاردا رېھىمجان ئاخۇن دېگەن كەمبەغەل ناۋاي نان كۆتۈرۈپ كېلىپ سېتىپ، تاشۋاينىڭ راۋابىنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلاپ، ئۆزىمۇ راۋابچى بولغانلىقتىن تاشۋايغا خۇشتار بولۇپ قېلىپ، ئۇنى بالا ھەم شاگىرى ھۇنەرۋەن قىلىپ قويۇش ئارزۇسىدا تاشۋاي بىلەن سۆزلىشىدۇ. تاشۋاي بۇ سۆزنى دوستى باراتقا ئېيتىدۇ. بارات باشقا دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، «بۇ ياخشى گەپ ئىكەن، بىر ئادەم بولسىمۇ شۇ گۇلەختىن چىقىپ ھۇنەرۋەن بولۇپ قالسۇن» دېيىشىپ، تاشۋاينى رېھىم ئاخۇنغا بېرىدۇ. رېھىم ئاخۇن تاشۋاينى ھاممامدا يۇيۇندۇرۇپ، چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، يېڭى كىيىم ـ كېچەك كىيدۈرىدۇ. دوستلىرى تەسىرلىنىپ يىغلىشىپ كېتىدۇ. تاشۋايمۇ كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، ئۆزىدەك يېتىم، غېرىب دوستلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمىغان ھالدا رېھىم ئۇستىنىڭ بىر يېرىم ئېغىز ئۆيلۈك دۇكىنىغا بارىدۇ. رېھىم ئۇستا 50 ـــ 60 ناننى تاشۋايغا كۆتۈرتۈپ، گۇلەختىكى سەپداشلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلاردىن رازىلىق ئالىدۇ. تاشۋاي رېھىم ئۇستىنىڭ نەقىشلىك راۋابىنى قولىغا ئېلىپ، ناخشا ئېيتىپ راۋاب چالىدۇ.

ئەجەم ناخشىسى

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
جاپا ئەمگەك بىلەن باققان.
ئەزىز باشىمنى ياد ئەيلەپ
مازارلارغا چىراغ ياققان.

ئاتاسى بار، ئاناسى بار،
تاۋاردىن ئەتىۋار باللا.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
كوچادا خارۇزار باللا.

يا ئاتام يوقتۇر مېنىڭ،
يا ئانام يوقتۇر مېنىڭ.
ئايىغى چىققان بۇلاقتەك
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.

ياندۇرۇش: ئاشنا قىلغىل شول دوستلارغا.

بۇنىڭغا ئۇلاپ بىرقانچە پەدىگە چالىدۇ. گۇلەختە ياتقانلار ھەسرەتلىنىپ، مۇڭلىنىپ تاشۋاينىڭ بۇ ئايرىلىش ۋاقتىدا چالغان پەدىلىرىگە، مەڭزىلىرى قىپقىزىل، كۆزلىرى بۇلاقتەك، سۇباتلىق بىر يىگىت بولۇپ قالغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ زەخمەك ئۇرۇشىغا زوقلىنىدۇ.

70 ياشتىن ئاشقان بىر مېيىپ بوۋاي كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش ئاقتۇرۇپ: «بالىلىرىم، بىزدە بىر تەمسىل بار، ئادەم ئەسكى ئەمەس، كىيىم ئەسكى، مانا قاراڭلار! چاچلىرى ئۆسۈپ، بەدەنلىرى قاپقارا چۇچۇلىغا ئوخشاپ قالغان تاشۋاي بىر مەينەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، خۇددى ھازىر تويى بولىدىغان يىگىتكە ئوخشاپ قالغىنىنى!» دەپ، رېھىم ئۇستىغا رەھمەت ئېيتىپ، تاشۋايغا دۇئا قىلىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ.

تاشۋاينىڭ گۈلەختىكى ھاياتى شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ.

تاشۋاي ئۆزىنىڭ يوقسۇل دوستلىرىدىن ئايرىلىپ رەھىم ئۇستىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ. گويا ئاتا - ئانىسى قايتا تىرىلىپ كەلگەندەك خۇش بولۇپ، كېچىسى پات - پات يېڭى كىيىملىرنى تۇتۇپ بېقىپ، ھاياجان ئىچىدە ئۇخلىماي، ئۆتكەن كۈنلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۇستىسىغا ئېيتىپ بېرىدۇ. سەھەرگە يېقىن گۈلەختىكى دوستلىرىنى ئەسلەپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆگزىگە چىقىپ گۈلەخ تەرەپكە قارايدۇ ۋە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئاۋۋال پەس، كېيىن ئاستا - ئاستا زەخمەك ئۇرۇپ، «تاشۋاي» دەپ ئاتالغان مەشھۇر مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلىدۇ. ئۇنى بارا - بارا ئۆزگەرتىپ، تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

تاشۋاي بۇ ئائىلىدە ھەم ھۈنەرۋەن، ھەم راۋابچى بولۇپ، ناۋايلىق كەسپىگىمۇ پىشىدۇ. گۈلەختىكى دوستلىرى ۋە سۆيۈملۈك دوستى باراتنى پەقەت تاشلىمايدۇ. باراتمۇ كېلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ.

شۇ مەزگىلدە تاشۋاي بىرقانچە ئاھاڭنى رەتلەپ چىقىدۇ. يەنى، «قادىر مەۋلان»، «مۇناجات»، «ئاشناجان»، «يار مۇرادىغا يەتتى»، «ئەجەم»، «ئەجەم تەلقىنى» قاتارلىق ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر خىل رىتىملىق ئاھاڭلارنى تەرتىپكە سالىدۇ.

قەشقەر ئەتراپىدىكى ناھىيە، يېزىلارغىچە تاشۋاينىڭ نامى تېز تارقىلىدۇ. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى چېۋەرلىك بىلەن زەخمەك ئۇرۇشى، خەلقنىڭ ۋە ساز ھەۋەسكارلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ.

تاشۋاينىڭ يېشى 20 گە يەتمەيلا ئۇنىڭ ۋاپادار ئۇستىسى رەھىم ئۇستا كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ. مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمى بىچارە تاشۋايغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ئۇ رەھىم ئۇستىنىڭ جىنازىسىنىڭ ئالدىدا كىيىمىنى تەتۈر كىيىپ، قولىغا راۋابنى ئېلىپ، ھەسرەت - پىغانى بىلەن ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھالدا «ئەجەم تەلقىنى» نى ئېيتىپ يىغلاپ ماڭىدۇ. تاشۋاينىڭ بۇ ھالىغا پۈتۈن قەشقەر غېرىب - يېتىملىرى، گۈلەختىكى دوستلىرى ۋە نۇرغۇن كەمبەغەللەر ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، رەھىم ئۇستىنى دەپنە قىلىدۇ.

بۇ چوڭ يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلغان تاشۋاي، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى ئۇستىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە شۇ دۇكاندا ئۆتكۈزمەكچى بولغان بولسىمۇ، تۆھمەت بىلەن جازالىنىدۇ.

ئەمدى ئاغزى ئاشقا تەگكەن تاشۋاي ئەركىنلىكتىن، يېقىن دوستلىرىدىن ۋە سۆيۈملۈك راۋابىدىن ئايرىلىپ، گۇندىخانىدا ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ چېرىك ھەم سېسىق گۇندىخانىدا يۈزلىگەن تۇتقۇنلار بىلەن ئاستا - ئاستا سىرداش بولۇپ قالىدۇ. گۇندىپاي تاشۋايغا ناھايىتى قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى، قامالغانلار گۇندىپايغا پارا بەرسە، بىرئاز ئەركىنرەك بولاتتى. ئەمما، تاشۋاينىڭ بېرىدىغان ھېچنەرسىسى بولمىغاچقا، ئۇنى قاراڭغۇ، زەي، ھاشاراتلار بېسىپ كەتكەن ئۆيگە قامايدۇ. بۇ قاراڭغۇ ئۆيدە تۆت ئايدىن ئارتۇق يېتىپ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، بەدەنلىرى ئىششىپ كېتىدۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن باشقا مەھبۇسلارنىڭ ئىچى ئاغرىپ، تاشۋاي ئۈچۈن گۇندىپايغا پارا بېرىپ، قاراڭغۇ، سېسىق ئۆيدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

تاشۋاي بارات ئارقىلىق راۋابىنى ئالدۇرىدۇ. تۆت ئايدىن بېرى ئايرىلىپ كەتكەن راۋابنى كۆرۈپ كۆزىدىن ئىسسىق ياش تۆكۈپ، قولىغا ئېلىش بىلەنلا گۇندىپايغا ئۆزىنىڭ گۇناھسىز بىر يېتىم ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ بىر پەدىگە چالىدۇ. بۇ ئاھاڭ بۇ يەردە 10 نەچچە يىل يېتىپ كەتكەنلەرگە، جۈملىدىن گۇندىپايغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھەسرەت - نادامەت تارتىپ، جىمجىت بولۇپ كەتكەن گۇندىخانا جانلىنىپ قالىدۇ. بالىچاقىلىرىدىن ئايرىلغان مەھبۇسلار ئالدىدا تاشۋاي خېلى ھۆرمەتلىك بولۇپ قالىدۇ. يېشى 70 تىن ئاشقان جاھىل گۇندىپايمۇ راۋاب ئاڭلاپ

ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېتىم ئۆسكەن، لېكىن ياش، گۈدەك ۋاقتىدىلا جېنىنى باقالماي، ئوغرىلىق قىلىپ قويۇپ، بايلار تەرىپىدىن ياش تۇرۇپلا گوندىخانىغا بۇيرۇپ بېرىلىپ ئۆمۈر بويى قامالغانلىقىنى، يەنى 40 يىلدىن بېرى گوندىخانىدا يۇرۇپ ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. كېيىن كەمبەغەللەرگە شەپقەت قىلىش، ئۇلارغا كەڭ قوللۇق قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. گوندىخانىدا ئېغىر جازا ئەسۋابلىرى: تاقاق، كۆتەك، ئوق ئىشكەل، كويزىلار بىلەن بەند قىلىنغانلارنى بوشىتىپ، گوندىخانا ھويلىسىدا كەڭ ـ كۇشادە يۇرۇشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىش تاشۋاي تۇپەيلىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، مەھبۇسلار تاشۋايغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۇرىدۇ.

تاشۋاي راۋاب ناخشىلىرى بىلەن يۇرەك دەردلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ. 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ پەدىسىگە مەھبۇسلار «بىرىنچى گوندىپاي»، «ئىككىنچى گوندىپاي»، «ئۇچىنچى گوندىپاي» دەپ نام بېرىدۇ. گوندىپايمۇ بۇ پەدىلەرگە ئامراق بولۇپ قالىدۇ، چالغان ھامان كۆزىگە ياش ئېلىپ، مۇڭلىنىپ ئاڭلايدۇ.

تاشۋاينىڭ گۇناھسىز كىرىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەن گوندىپاي بىر كۈنى كېچىدە تاشۋايىنى يېنىغا چاقىرىپ: «مەن بۇنىڭدىن كېيىن غېرىب ـ يېتىملەرگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. مەن سېنىڭ گوندىخانىدا بىر كۈن تۇرۇشۇڭغىمۇ رازى ئەمەس، سېنى گوندىخانىدىن قاچۇرىمەن، دەرھال چىقىپ كېتىپ قەشقەر تەۋەسىدە تۇرمىغىن، چىقىپ كەتكەنلىكىڭنى يامۇلدىكىلەر بىلمەي قالسۇن» دەپ، تاشۋايىنى قاچۇرۇۋېتىدۇ. تاشۋاي گوندىخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل دوستى باراتنى تاپىدۇ. ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، باراتنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەنجان شەھىرىگە كېتىشكە مەسلىھەتلىشىدۇ. كۇندۇزلىرى يوشۇرۇنۇپ، كېچىدە يول يۇرۇپ، ئۇلۇغچات، سىمخانا ئارقىلىق ئەنجانغا يېتىپ بارىدۇ. بىر كەمبەغەل ئۆزبېكنىڭ ساماۋىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، شۇ يەردە قونىدۇ. ئەتىسى ئۆزىگە ئوخشاش ئۆزبېك، ئۇيغۇر كەمبەغەل، يېتىمچىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

تاشۋاينىڭ مۇڭلۇق پەدىلىرى قورسىقى توقلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن دوستى باراتتىن قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئارىدىن بەش ـ ئالتە ئاي ئۆتىدۇ. ئاخىر تاشۋاينىڭ خورلۇقى ھەسسىلەپ ئاشقاندىن كېيىن، بارات بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يەنە ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۈچ كۈن يول مېڭىپ ئەركەشتامغا يېقىن جايغا كېلىدۇ. لېكىن، ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەن چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىپ، بارات بىلەن مىڭبىر جاپادا ئەركەشتامغا يېقىن جايغا كېلىدۇ ۋە مەيىن شامالنىڭ دەردىگە داۋا بولغاندەك ھېس قىلىپ، داۋان بويىدىكى مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ، «كاۋاپ سەھرا» دېگەن ناخشىنى راۋاب بىلەن ئوقۇيدۇ.

كاۋاپ سەھرا

ھەر شەنبە چىقىپ يەيتتىم
مەي باغلىغان ئۈجمەڭنى.
ئۈزۈن بولدى چىقالمىدىم،
نە قىلاي غېرىبلىقنى.

راۋابنى چالاي ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا تاشۋاينىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يېتىمچىلار تاشۋاي بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدۇ. ئۇلار قەشقەرنىڭ شامالباغ دېگەن يېرىدە كۆرۈشىدۇ ھەمدە تاشۋاينىڭ ساقىلىنى ئالدۇرۇپ، كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ قويىدۇ. تاشۋاينىڭ نامى ناھايىتى تېزلا تارقىلىدۇ. تىتەي[8]گە تاشۋاي

قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، تىتەي بىرقانچە قىمارۋاز ۋە لۈكچەكلەرنى يىغىپ، تاشۋاي ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى ئۇردۇرىدۇ، راۋابنى بارات ئېلىپ قاچىدۇ.

باراتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار شۇ كۈنى ئۇرۇپ، لەختە ـ لەختە قىلىپ تاشلىغان يەردىن پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى قان بولۇپ كەتكەن، هوشسىز ياتقان تاشۋاينى تېپىپ كېلىپ «مىراد باخشى تام» دېگەن مازارنىڭ خارابە بىر هۇجرىسىدا بىرقانچە كۈن بېقىپ جاراهەتلىرىنى ئاران ساقايتىدۇ.

تاشۋاي تاياق ئازابىدىن كېيىن باهارغىچە يېتىپ بىرئاز ياخشىلىنىدۇ. لېكىن، شۇ تاياق باهانىسى بىلەن ئادەملەردىن قېچىپ قالىدۇ. بارا ـ بارا سۆزلىمەس سەۋدا (نېرۋا) كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. لېكىن، قولىدىكى راۋابنى دوستى بارات ئالمىغۇچە تاشلىماي چالىدۇ. ئۇ ئۆزى باشقىلار بىلەن مەسلىهەتلىشىپ تاللىۋالغان ماهارىتى، يەنى قايسى پەدىدىن كېيىن قايسىنى چېلىش ئۇسۇلى پۈتۈن چالغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئەندىزە بولۇپ قالىدۇ. تاشۋاي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بۇ ئەندىزە ساقلىنىپ قالغان. بەزى راۋابچىلار راۋاب چالغاندا تاشۋاي ئەندىزىسىدىن چىقىپ كەتسە، ئىناۋەتكە ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالغان.

**تاشۋاينىڭ رەتلەپ چىققان پەدىلىرى:**

1. مۇقام شەكلىدە يالغۇز راۋاب بىلەن ئېيتىدىغان «كاۋاب سەهرا» مۇقام ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن راۋابچىلار بىلەن جور قىلىپ 2 ـ «تاشۋاي»، 3 ـ «قادىر مەۋلان»، 4 ـ «مۇناجات»، 5 ـ «ئەجەم»، 6 ـ «ئەجەم تەلقىنى»، 7 ـ «گۇندىپاي»، 8 ـ «يار مۇرادىغا يەتتى»، 9 ـ «ئوينىڭ دەردى بار باللا»، 10 ـ «ۋاي دادەي» بولۇپ، 10 نەچچە ئاهاڭ بىلەن تۈگەيدۇ.

هاۋا ئىسسىق كۈنلەردە قەشقەر خەلقى تۈمەن دەرياسى بويىغا هاۋالانغىلى ياكى تاشۋاينى كۆرگىلى چىققاندا، تاشۋاي راۋابىنىڭ سىملىرى بوشاپ كەتسىمۇ چېلىپ تۇرۇپ تۈزەپ، تاكى پۈت ـ قولىدىن مادارى كېتىپ يىقىلىپ قالغۇچە چالىدىكەن. بۇ ئەهۋالنى كۆرگەن خەلق ئۇنىڭ هالىغا ئىچ ئاغرىتىپ هەققىگە دۇئا قىلىپ قايتىدىكەن. مەسىلەن، ئۇ سائەت ئىككىلەردە راۋاب چېلىشنى باشلىسا، كەچ سائەت يەتتىگىچە چالىدىكەن. مۇنداق چاغلاردا تاشۋاي چاچ ـ ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەن. تولاراق يالاڭ ئاياغ يۈرىدىكەن. بەزىدە ئۆزىنى پاكىز تۇتۇپ تۆت كۈندە بىر قېتىم چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، قىزىل توق چەكمەن چاپان، ئاتۇشنىڭ شايى شاپاق بۆكىنى كىيىپ يۈرىدىكەن. ئۇنى قەشقەر غېرىبلىرى ۋە شاگىرتلىرى هەر كۈنى ئىزدەپ يوقلاپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئورنىدىن تۇرالايدىغان بولسىلا راۋابنى چالىدىكەن. هەتتا هوشسىز بولۇپ قالغاندىمۇ راۋابىنى مەيدىسىگە قويۇپ ياتىدىكەن. تاشۋاي باهارغىچە ۋەيرانە هۇجرىدا يېتىپ، بارغانچە ئۇيقۇسى كەم، ئىشتىهاسى ئاز بولۇپ قالغان، ئۇ 4 ـ ئايلاردا بىر پەيشەنبە كۈنى كەچتە 34 يېشىدا باراتنىڭ قۇچىقىدا ۋاپات بولغان. تاشۋاينىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلىغان 100 دىن ئارتۇق راۋاب، مۇزىكا هەۋەسكارلىرى ۋە گۈلەختىكى دوستلىرىمۇ شۇ كۈنى كېچىسى جامائەت بىلەن بىللە يېتىپ كەلگەن.

مەرهۇم تاشۋاي جان ئۈزۈش ئالدىدا باراتقا مۇنداق ۋەسىيەت قىلىدۇ: مەن دۇنياغا تىغ كېلىپ، تىغ كېتىپ بارىمەن، مېنىڭ سىلىدىن باشقا هېچنېمەم يوق. بىرىنچىدىن مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى راۋاب بىلەن بىللە ئېلىپ چىقساڭلار، «تاشۋاي پەدىسىگە چالساڭلار، روهىم خۇرسەن بولسۇن. ئىككىنچىدىن جىنازىنىڭ ئۈستىگە ئاق بورا يېپىڭلار، مېنىڭ غېرىبلىقىمنى، يېتىملىكىمنى، هېچنەرسەمنىڭ يوقلۇقىنى خەلق بىلسۇن. ئۈچىنچىدىن جىنازىنىڭ ئالدىغا دادامدىن قالغان راۋابنى ئېسىپ، ئۇستامنىڭ راۋابىنى بارات ئالدىمدا چېلىپ ماڭسۇن. مېنى دەپنە قىلغاندا راۋابنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، مەيدەمگە ئېلىپ

قويۇڭلار. مېنىڭ راۋابىم جومەشنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن.

قەشقەرنىڭ غېرىب ـ يېتىمچىلىرى جۇمەگە ئۇلگۇرتۇپ ئېلىپ چىقىدۇ. جىنازىنى ئېلىپ ماڭغاندا 100 دىن ئارتۇق يېتىمچى باللار جىنازىنىڭ ئالدىدا راۋابنى «تاشۋاي» پەدىسىگە چېلىپ ماڭىدۇ. 100دىن ئارتۇق ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، دېھقان، يېتىم ئوغۇل ـ قىزلار جىنازىنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرۇپ پەلەكنى يارغۇدەك يىغا ـ زار بىلەن ئېلىپ ماڭىدۇ.

مەرھۇمنى ئۇستىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىدۇ.

تاشۋاي دەپنە قىلىنىپ، 40 كۈنگىچە يىراق سەھرالاردىن كەلگەن غېرىب دوستلىرى راۋاب چېلىپ، ئۇزۇلمەي نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بىر يىلغىچە راۋاب ئاشىنالىرى، راۋاب ئۆگەنمىش ئۈچۈن تاشۋاي قەبرىسىگە چىقىپ، ئۇنىڭدىن مەدەت سوراپ، راۋان ئۆگىنىشنى بىر ئادەتكە ئايلاندۇرغان.

ئىزاھاتلار:

1. تاشۋاي ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنى 1953 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىدىن پەقەت ئەمەت ئۆمەر بىلەن ئۈچ كىشىنى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە باشلىقى قاسىمجان قەمبىرى چاقىرىپ: ئاجىز ـ مېيىپلار ساناتورىيەسىدە تاشۋاينىڭ دوستى بار ئىكەن، تاشۋاي ھەققىدە بىرەر ماتېرىيال ئۆگىنىڭلار، دەپ تاپشۇرغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار بارات ئاكىنى تاپقان، بارات ئاكىنىڭ ئىككى كۆزى ئاجىز بولۇپ قالغانىكەن، ئۇنىڭ سىياقى كۆزلىرى يوغان، بەستلىك كىشى بولۇپ 93 ياشقا كىرگەنلىكىنى، تاشۋاينىڭ ئۆزىدىن تۆت ياش كىچىكلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئۇ شۇ چاغدا «كاۋاپ سەھرا» ۋە باشقا ناخشىلارنى ئېيتىپ تۇرۇپ، تاشۋاي ھەققىدىكى ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەرگەن.

2. پاششاپ، چاكەردى ــ شۇ زاماندىكى شەھەر چارلايدىغان كىچىك ئەمەلدار بولۇپ، بۇلار بازار ئىچىدىكى مەھكىمە (ئوردا ئالدى) دە پۈتۈن ئوغرى ـ بۇلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان مۇتتەھەملەر.

3. گۈلەخ ـ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە كونا ئۇسۇلدا سېلىنغان هاممام (مۇنچا) بولۇپ، ئۇنىڭغا پاخال، سامان، ئەخلەت ـ چاۋار قالاپ، ئۇنىڭدىن چىققان كۈلنى ئوت قالايدىغان تۆشۈكتىن تارتىپ چىقىراتتى، ئاشۇ كۈلگە يېتىملەر كىرىپ ياتاتتى.

4. ھۆۋقۇش موللام ــ بۇ ئەينى زاماندا قەشقەردىكى ئەڭ ئىپلاس ئادەم.

5. زاراخەتمە ــ بىر خىل نەزىر ـ چىراغ.

6. ساھىب تەكۈر ــ كاسىپلارغا رىسالە يېزىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ باي بولۇشى ئۈچۈن، قۇرۇق دۇئا قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان تىرىكتاپلارنىڭ بىر خىل تەبىقىسى.

7. تىڭزى ــ قەشقەردىكى شەھەر بېگى.

8. «كاۋاپ سەھرا» ــ تاشۋاينىڭ ئەنجاندىن قايتىش ۋاقتىدا تومۇز ئىسسىقىدا قېلىپ، ئىجاد قىلغان بىر مۇزىكا ئەسىرى.

9. تىتەي ــ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي گېنېرالى بولۇپ، ئۇنىڭ چېرىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى لۈكچەك، قىمارۋاز، ئوغرى، بۇلاڭچىلاردىن تەركىب تاپقان. بۇلارنىڭ كىيىملىرىمۇ باشقا چېرىكلەردىن پەرقلىق بولىدىكەن.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى

ئاپتورى: ياڭ فۇشۆ، نيۇ رۇجى
تەرجىمە قىلغۇچى: خالىق ئاۋۇت

## 2 ـ باب   شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلاتى ۋە جەمئىيەت خاراكتېرى

### 1 § . ھاكىمىيەت تەشكىلاتى

شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىدە قاغان ھۆكۈمران سىنىپنىڭ باشلىقى، ئورنى قاغاندىن تۆۋەنلا تۇرىدىغىنى قاغاننىڭ پەرزەنتى ــ تېكىن، ئۇنىڭدىن تۆۋىنى تۇتۇق، سانغۇن، چىگشى (ئايماقبېگى)، تارخان، تىرەك (ئەركان)، ئۆگە (مۇشاۋىر)، تاياغۇ، ئەلچى، چۇر، ئىنال، ئىنانچ، بەگ قاتارلىقلار.

بۇ مەنسەپ، مەرتىۋەناملىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇلارنىڭ ئىچىدە قاغان، تېكىن (شاھزادە)، تارخان، چۇر، ئىنال، ئىنانچ، بەگ، ئۆگە، تاياغۇ دېگەنلەر ئۇيغۇرلاردا ئەسلىدىلا بار مەنسەپ نامى بولۇپ، قارام مەنسەپ سىستېمىسىغا كىرىدۇ؛ تۇتۇق، سانغۇن، چىگشى، تىرەك (ئەركان)، ئەلچى قاتارلىقلار خەنزۇلارنىڭ مەنسەپ سىستېمىسىدىن كەلگەن. بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ گەنجۇ، شاجوۋ ئايماقلىرىغا كېلىشتىن ئاۋۋال، بۇ يەرلەر خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار بولۇپ، بۇ يەرلەردە خەنزۇ مەنسەپ تۈزۈمى ئۇزاق ۋاقىت يولغا قويۇلغان. 9 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ بۇ يەرلەرگە كەلگەندىن كېيىن، يەرلىك خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇقەررەر. 11 ـ ئەسىرگە كېلىپ شاجوۋ خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گەرچە ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەت ئۇيغۇرلار بولسىمۇ، بىراق ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىسى خەنزۇلار ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر مەنسەپ تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىگە چەكلەش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنسەپ سىستېمىسى تاڭغۇت، قىتان ھاكىمىيەتلىرىگە ئوخشاشلا خەنزۇ مەنسەپ تۈزۈمى بىلەن قارام مەنسەپ تۈزۈمىنى قوللانغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، يۇقىرىقى مەنسەپلەر خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا مەنسەپ نامى تۇسىدىلا تىلغا ئېلىنغان. شۇ مەنسەپدارلارنىڭ نېمىگە مەسئۇل ئىكەنلىكى سۆزلەنمىگەن. بىراق، قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن، بۇلارنى قەدىمكى زاماندىكى خەنزۇ مەنسەپ تۈزۈمىگە بىرلەشتۈرۈپ قاغان، تېكىنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۇتۇق، سانغۇن، تارخان، چىگشى، تىرەك (ئەركان) لەرنىڭ ئەلەمدار، ئۆگە، تاياغۇ ۋە ئەلچىلەرنىڭ قەلەمدار، بەگنىڭ يەرلىك ئەمەلدار ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز، چۇر، ئىنال، ئىنانچ

قاتارلىقلارنىڭ نېمە ئىشقا مەسئۇل ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، تۆۋەندە خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەردىن يۇقىرىقى مەنسەپلەرنى دەلىللەپ ئۆتىمىز.

تۇتۇق: دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلاردا، «تۇتۇق» (خەنزۇچە «都督») دېگەن سۆز كۆپ ئۇچرايدۇ، «s.3859» (32 ـ نومۇر) دەپ نومۇر سېلىنغان بىر پارچە پۈتۈكتە، مۇنداق دېيىلگەن:

1. (hiuan-?  )tsuintaqi la totoq oγli arslan sangun
2.bu qutluγ  warxar - qa kirü  täg - intim burxan-
3. lar küč  basut berzün esän tükäl
4.  toquz on yašayur qarï  atam-qa burxam
5. küčingä  öz  äwkä  tugmäz bolzun

1. (شۈەنچۈەن)دىكى لا، تۇتۇق ئوغلى ئارسلان سانغۇن
2. بۇ قۇتلۇق ئىبادەتخانىغا كىرىپ
3. بۇرخانلار كۈچ ۋە ئېسەنلىك بەرسۇن دەپ تىلىدىم
4. بۇرخانلار يېشى توقسانغا بارغان قېرى ئاتامنى ئامان قىلغاي
5. ئۆز ئۆيۈمنى ئامان قىلغاي

بۇ پۈتۈكتىكى شۈەنچۈەن (Hiuan – tsuan) ئەنشى ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەسكى شەھەر شۇ تيەنباۋ يىللىرى بۇ يەر قورغان بولۇپ، قورغانبېگى ۋە دورغاپ قويۇلغان. بۇ يەر بەيئەتچىلەر قوشۇنى زامانىدىكى ئىككى ئايماق، ئالتە قورغان (كېيىن سەككىز قورغان بولغان) نىڭ بىرى. شۇڭا، تۇتۇق قويۇلغان. تۇتۇقنىڭ ئوغلى ئارسلان «سانغۇن» بولۇپ، ئاتىنىڭ مەنسىپى ئوغلىنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ دېگەن قائىدە بويىچە، شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقىدا «تۇتۇق»نىڭ ئورنى «سانغۇن»دىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ.

مۇنداق مەنسەپنىڭ شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قويۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرايدۇ. چىڭلىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1042 ـ يىلى) شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەشبالىق قاغانى سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئارىسىدا «ئەلچى مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى» دەيدىغان بىر مەنسەپدار بار.

سانغۇن سۆزى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردا «sangum» دېگەن شەكىلدە ئون نەچچە جايدا ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدىكى «将军» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى دىماق تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ قويغان ھالەتتىكى بىر خىل ۋارىيانتىتۇر. p.3046 نومۇرلۇق يازما يادىكارلىقنىڭ جىلد غولى (19 ـ نومۇرلۇق پۈتۈك)دا «سانغۇن» سۆزى ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنغان:

qut sangun  – ta bir qarabaš  alγ  qult   yigän s ngqur  -  ta bir qarabaš  alγu qalti böri bars  -  qa
ücün  üč  torqu  ötadim qutsi  -  da turt torqu a γru bar böri sangunta  üč  torqu alγu

قۇت سانغۇن قېشىدا بىر چاكار قالدى، يىگەن سىڭقۇر قېشىدا بىر چاكار قالدى. بۆرى بارسقا ئۈچ توپ تورقۇ (يىپەك) بەردىم. قۇتسىدا تۆت توپ تورقۇ (يىپەك) ئالدى. بۆرى سانغۇن ئۈچ توپ تورقۇ ئالدى.

باشقا جايدىن شاجوۋغا ئەۋەتىلگەن بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەكتۇپ (14 ـ نومۇرلۇق پۈتۈك)

بولۇپ، مەكتۇپ ئەۋەتكەن كىشى بىر سانغۇنغا بەخت ـ سائادەت تىلىگەن:

mängi silig küč tüzün qutluɣ tüzün esängü bitigmiz tüz yegän sänggun-qa sanm iš tüzünkä raq yerdin yaruq köngülin isinq amranu esängülägü üküš üküš köngil any tu dur biz

مەڭگۈ سىلىغ كۈچ تۈزۈن بىلەن قۇتلۇق تۈزۈندىن ئېسەنلىك سوراپ پۈتۈك پۈتتۇق. تۈز يەگەن سانغۇن ۋە سانىمىش تۈزۈنگە يىراق يەردىن يورۇق كۆڭلىمىز ۋە ئامراقلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ ئېسەنلىك تىلەپ كۆڭۈل ئېيتتۇق.

خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا «sangün»نى ئاھاڭى بويىچە «娑温»، «相温» دەپ خاتىرىلىگەن ئەھۋالمۇ بار، مەسىلەن «كونا بەش دەۋر تارىخى» ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە «副使达溪相温»، «临使末相温» دەپ خاتىرىلەنگەن. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە «娑温» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«تارخان» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەردە ئادەتتە «تارقان» (tarqan) دەپ يېزىلغان. بۇ سۆزنىڭ كېلىپچىقىشى توغرىسىدا ياپونىيەلىك ئالىم خانېدا تورۇ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خەنزۇچە «达官» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللارنىڭ جەمئىيىتىدە ئۇ ئاتلىق لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان لەشكىري ئەمەلدار بولۇپ، ئورنى خېلى يۇقىرى. ئۇنداق بولسا شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى بۇ مەنسەپ نامىغا ۋارىسلىق قىلغانمۇ، يوق؟ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن بۇنى بىلىش تەس ئەمەس. ئەمما، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا بۇنىڭغا ئائىت خاتىرىلەر ئاز ئەمەس. مەسىلەن، قارا ياغاچلىق (يۇلىن) تاشكېمىرلىرى ئارىسىدىكى 25 ـ نومۇرلۇق تاشكېمىرنىڭ دالاندىكى كۆنچىقىش تېمىغا چۈشۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىمىدا بۇ مەنسەپ نامى ئۇچرايدۇ. يەنە 179 ـ 212 . or نومۇرلۇق پۈتۈك (3 ـ نومۇرلۇق پۈتۈك)نىڭمۇ 1 ـ، 2 ـ قۇرلىرىدا بۇ سۆز چېلىقىدۇ:

lawxan čigši bitigtimiz il almïš tarqan - qa üküš köngül ayïtu ïdur män

لاۋخەن چىگشى ئىل ئالمىش تارقانغا نۇرغۇن كۆڭلىمىزنى ئېيتىپ پۈتۈك پۈتتۇق.

بۇ يەردە يەنە چىگشى (čiši) دېگەن بىر ئەمەل نامى چېلىقىدۇ. ئېنىقكى، بۇ ئەمەل نامى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىدىن كەلگەن. موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»نىڭ خەنزۇچە قىسمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «تۇتۇق، چىگشى، ئىچكى ـ تاشقى بۇرىيۇق» قاتارلىق ئەمەل ناملىرى ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. «يېڭى تاڭنامە. خاككاسلار ھەققىدە قىسسە»دە «بۇرىيۇق يەتتە، تۇتۇق يەتتە، چىگشى ئون، بۇلارنىڭ ھەممىسى لەشكىري ئىشلارغا مەسئۇل بەگلەردۇر» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چىگشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىسىگە ئوخشاشلا بىر خىل لەشكىري ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تۆۋەندە بىز يەنە بىر مەنسەپ نامى ــ «تىرەك» (ئەركان) ئۈستىدە توختىلىمىز. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا، بۇ «tirük» دەپ يېزىلغان.

sewig tiräk-ta züngim satïrï üč yigirmi singar torqu-luɣ tawar altïmïz

سەۋگ تىرەكتىن ساتماق كويىدا پارچە ـ پۈرات بولسىمۇ 13 توپ يىپەك تاۋار ئالىمىز.

ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئىزاھلىساق، بۇ يەردىكى «تىرەك» سۆزى «tira» (تىرىمەك دېگەن مەنىدە) گە «k» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ ياسالغان. مەنسەپ نامىدىن ئېيتقاندا، «دۆلەتنىڭ تېرىكى» دېگەن مەنىدە كەلگەن. تۈركىيەلىك ئالىم جافەر ئوغلۇ (Cafer oglu ) سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ سۆزنىڭ خەنزۇچىدىكى «柱国» (دۆلەت ئەركانى)غا توغرا كېلىدىغانلىقى جەزم قىلىنغان. دۇنخۇاڭدىكى خۇاڭگاۋ تاشكېمىرىغا چۈشۈرۈلگەن بېغىشلىمىدا، «柱国» سۆزىنىڭ شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا تارقىلىش يولىنى چۈشىنىشىمىزدە ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، بىز يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەردىن سۇ باشى (sübaši) دېگەن سۆزنىمۇ ئۇچرىتىمىز. ئۇ بىر خىل ئارمىيە قوماندانىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، كونكرېت قايسى سۆزگە ئۇدۇل كېلىدىغىنى ئېنىق ئەمەس.

مۇلكىي ئەمەلدار (قەلەمدار) سىستېمىسىغا مەنسۇپ مەنسەپدارلاردىن مەيلى ئۆگە (مۇشاۋىر)، تاياغۇ (ئىچكى ئىشلار مەسئۇل ئەمەلدار) بولسۇن ياكى ئەلچى بولسۇن، مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلار ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا كۆپ چېلىقمايدۇ. مەسىلەن، «ئۆگە» دېگەن مەنسەپ نامى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا يوق. پەقەت دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان p.ouigour4 نومۇرلۇق (13 ـ نومۇرلۇق) قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقتىلا ئۇچرايدۇ. ئۆگە (ögä) دەپ يېزىلىدۇ:

1. yemä bizinga ayayalur aɣïrlaɣuluɣ
2.täg ming ögmäkkä tumän alqamaqqa
3. tägimlig ayaɣlar tüzün ädgü atï
4. qar ärdän ïnal qutïnga tangquš ärdäm
5. ögä esängümüz yiraq yerdän üküš
6. köngül ayïtï

1. يەنە بىزگە ئاياغۇلۇغ (ھۆرمەتلىك) ھەم ئاغىرلانمۇلۇغ (ھۆرمىتى زىيادە)
2. مىڭلاپ مەدھىيە، تۈمەنلەپ ئالقىشقا
3. لايىق، ھۆرمەتكە سازاۋەر، تۈز، ياخشى نىيەتلىك
4. قار ئەردەم ئىنال قۇتىغا (سائادىتىگە) ھەم تاڭقۇش ئەردەم
5. ئۆگە (مۇشاۋىر)گە ئېسەنلىك تىلەپ يىراق يەردىن كۆپ
6. كۆڭۈل ئېيتتۇق

تاياغۇ دېگەن مەنسەپ نامى ئوخشاشلا خەنزۇچە خاتىرىلەردە ئۇچرىمايدۇ. پەقەت p.ouigour2 دەپ نومۇر قويۇلغان (6 ـ نومۇرلۇق) يازما يادىكارلىقتىلا تاياغۇ (tayaɣu) دەپ يېزىلغان.

tayaɣu yarlïɣi kältürdi tawar mening erdi ol tawar istag - lär tep

تاياغۇ يارلىق كەلتۈرۈپ ئېيتتى: «تاۋار مېنىڭ ئىدى. ئۇ تاۋارنى ئىزدەپ تېپىڭلار»

bïr bïšir torqu tayaɣu - kä ärtüt kötürdi

تاياغۇغا بىر توپ پىششىق يىپەك سوۋغا قىلىنىدۇ.

ئەكسىچە، خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا چېلىقىدىغان ئەلچى دېگەن نام دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا چېلىقمىغاچقا، بۇ جەھەتتە تەپسىلىيرەك بىر نېمە دېمەك تەس.

تۆۋەندە بىز قەلەمدار ۋە ئەلەمدار دەپ ئاسان ئايرىغىلى بولمايدىغان قىسمەن مەنسەپناملىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز. ئادەتتىكى قائىدە بويىچە چۈشەندۈرگەندە، ئىنال (inal)، ئىنانچ (inanč) دېگەنناملار «inan» سۆزىدىن كەلگەن. «تايىنىشقا بولىدىغان ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. «چۇر» دېگەن نامغا كەلسەك، بۇ جەھەتتە بىز ئەنگلىيەلىك ئالىم كلاۋسون (Clauson) ئەپەندىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قۇلاق سالساق بولىدۇ، ئۇ ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا بۇ سۆزنىڭ ئادەتتە «čur — čor — čura — čora » (قەدىمكى پارس تىلى سانسكرىت تىلىدا «لەشكەر»، «باتۇر» دېگەن مەنىدە) دەپ يېزىلغانلىقىنى، ھەمىشە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ـ مەمۇرىي ئۇنۋانلارنىڭ ھۆرمەت نام ـ ئاتىقىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بەزىدە بۇ سۆز بىر خىل مەنسەپنى بىلدۈرسىمۇ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئۇقۇقىلى بولمايدۇ. خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدىغىنى «بەگ (bäg)»، گېرمانىيەلىك ئالىم گابائىن بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن:

«بەگ» سۆزى پارس تىلىدىن ياكى خەنزۇ تىلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى يەرلىك تىل بولۇشىمۇ مۇمكىن ... خانلىقلار دەۋرىدە بەگ ئەسلىدىكىدەك ئۇنچە ئېسىلزادىلەرنى بىلدۈرمەيدىغان بولغان. قوچۇ شەھىرىنىڭ بېگى بەلكىم بىر شەھەر رايونىنىڭ قوماندانىغا باراۋەر كەلسە كېرەك. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئوتتۇرا ئىقلىم قوۋمى بىلەن يات قوۋملارنىڭ تىللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۆرۈش ھەققىدە» (华夷译语) دېگەن ئەسەردە، بۇ سۆز «ئەمەلدار (官员)» دەپلا تەرجىمە قىلىنغان.

گابائىننىڭ بايانىدا گەرچە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلغان بولسىمۇ، بىراق شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىغىمۇ باب كېلىدۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يەنە سوغدلارمۇ بەگ بولغان. بۇ شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شاجوۋ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىدە ئەلەمدارنى بىلدۈرىدىغان نام ـ ئاتاق قەلەمدارنى بىلدۈرىدىغان نام ـ ئاتاقتىن كۆپ، تۇرلۇك مەنسەپ ناملىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردا كۆرۈلۈش نىسبىتىدىن قارىغاندا، قەلەمدارلارنىڭ كۆرۈلۈش قېتىم سانى ئەلەمدارنىڭكىدىن ئاز، بۇنىڭدىن شاجوۋ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ خۇددى ئۇزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن بەيئەتچىلەر قوشۇنى ھاكىمىيىتىگە ئوخشاشلا ھەربىي ـ مەمۇرىي بىرلەشمە خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

## 2 § . جەمئىيەت خاراكتېرى

ئۇيغۇرلار شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خانلىقى زامانىدىلا تاڭ سۇلالىسى ۋە تۈركلەر قاتارلىق فېئوداللىق ئىمپېرىيەلەرنىڭ تەسىرىدە ئىپتىدائىي كوممۇنادىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتكەن. ئەينى چاغدا فېئودال چارۋىدارلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوتلاقلىرى بولۇپ، ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەر ۋە چارۋىچى يانچىلارنى مال باققىلى سالاتتى. مەسىلەن، قىتانلار، تاتارلار ئۇيغۇرلارنىڭ مېلىنى باققان. 9 ـ

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئەينى چاغدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتلارنىڭ تەسىرىدە، مۇنداق يانچىلىق تۈزۈمى مۇئەييەن دەرىجىدە يەنىمۇ كۈچىيىپ باردى. بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدا ئاستانە قۇرغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە يۈكسەك تەرەققىي قىلغان فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنى شەكىللەندۈردى. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇ يەردە بىرقانچە پارچە پۈتۈكنى دەلىل سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. p.ouigour4 (13 ـ نومۇرلۇق پۈتۈك)

tutɣu täg är qarabaš alɣïl tep tedi erdi

تۇتقۇلۇق (رەڭگە ئېلىنغان) بىر ئەر چاكارنى باشقا بىرسىدىن ئېلىۋالغىن!

2. p.chinois3046 (19 ـ نومۇرلۇق پۈتۈك)

qut sangun - ta bir qarabaš alɣu qalti yegän sïnggurda bir qarabaš alɣu qalei

قۇت سانغۇندا بىر چاكار قالدى، يېگەن سىڭقۇردا بىر چاكار قالدى.

3. p.ouigaur10 (20 ـ نومۇرلۇق پۈتۈك)

yenä bir yazuq atlik qarabaš toquz torqu - qa

يەنە توققۇز توپ يىپەككە يازۇق ئاتلىق بىر چاكارنى تېگىشتىم.

yenä bir qara - baš onturdum

يەنە بىر چاكار ئاپىرىپ بەردىم.

يۇقىرىدىكى بىرقانچە مىسالدىن چاكار (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «قارا باش»، يەنى qarabaš)نىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار مەھكەمە ياكى بايلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ، بۇيرۇغىنىنى قىلىپلا قالماي، بەلكى ئېغىر فېئوداللىق زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ. يەنە كېلىپ خوجايىنى تەرىپىدىن رەڭگىمۇ قويۇلىدۇ، ھەتتا سېتىۋېتىلىدۇ. باھاسى ئاران توققۇز توپ يىپەك، بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا چاكارلارنىڭ باھاسى نەقەدەر ئەرزان ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. چاكاردىن سىرت، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يەنە قۇل (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «قۇل»، يەنى qul) لارمۇ خېلى كۆپ بولغان.

119 ـ or.8219 (23 ـ نومۇرلۇق پۈتۈك) دەپ نومۇر سېلىنغان بىر پارچە شېئىردا مۇنداق مەدھىيە ئوقۇلغان:

1. toquz on qat azïqï
2. aɣluqranmazun ayu tuɣlum elim
3. yawiz qulïntïn aɣluqranmazun tuɣluɣ
4. elim onmaz qulïntïn učuzlamazun

1. توقسان قات ئوزۇقنى

2. بېسىۋالمىسۇن ھۆرمەتلىك ئېلىم
3. يامان قۇلنى بېسىۋالمىسۇن تۇغ (قاپقاق)
4. ئېلىم تېخى يۇكسەلمىدى، قۇللار خارلانمىسۇن

بۇ شېئىردىن ئەينى جەمئىيەتتىكى قۇللارنىڭ سانىنى ھەم قۇللارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىغا سەل قارىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تاكى يېقىنقى زامانغىچە شىنجاڭدىمۇ يانچىلار يەنىلا قۇل دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ نام شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى زامانىدىكى نام بىلەن ئوخشاش. دېمەك، قۇللۇق تۈزۈم ۋە ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇزاق ساقلىنىپ كەلگەن.

شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەر نەتىجە، ئۇنىڭدىن قالسا يەنە خېشى رايونىدا ئەينى چاغدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان فېئودال قۇللۇق تۈزۈم قالدۇقلىرىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ چاكار دېگەن بۇ قالدۇقى خېشى رايونىدا ئۇزاق ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. تاكى جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندىمۇ جەمئىيەتتە چاكارلار خېلى كۆپ بولغان، شۇڭا ئەينى چاغدا مەيلى جەنۇب ياكى شىمالدا بولسۇن، «يەرنىڭ ھالىنى يانچىدىن سورا، شايىنىڭ ھالىنى چاكاردىن» دېگەن قوشاق تارقالغان. دۇنخۇاڭ ئەينى چاغدا شىمالىي سۇلالە تەۋەسىدە بولغاچقا، چاكارلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەھۋالى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە قۇل ـ چاكارلار داۋاملىق مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، قانۇندا «قۇل ـ چاكارلار زاتى پەسلەردىن سانىلىدۇ، چارۋا ـ مالدىن پەرقى يوق» دەپ بەلگىلەنگەن. يەنە «قۇل ـ چاكارلار مال ـ مۈلۈكتۇر» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولغان، مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى ئەمەلدارى ليۇ خۇڭجى ۋاپات بولۇش ئالدىدا قۇل ـ چاكار ۋە ئېتىزلىرىنى مۈلۈك قاتارىدا بالىچاقىلىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. مۇنداق ئەھۋال دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردىمۇ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، S. 2199 دەپ نومۇر سېلىنغان «تاڭ سۇلالىسى شيەنتۇڭ يىلنامىسىنىڭ تۇنجى يىلى (865 ـ يىلى)دىكى نى لىڭخۇينىڭ ۋەسىيەتنامىسى»دا مۇنداق دېيىلگەن.

«پېقىر لىڭخۇيدىن ۋېي نياڭ ئىسىملىك بىر دېدەك قالدى، ئۇنى جيەن قىزىم پەن نياڭغا قالدۇردۇم، قالدۇرغۇدەك ئۆي ـ بىساتىم يوق».

دېمەك، چاكار مىراس سۈپىتىدە بىر ياقلىق قىلىنغان.

ئەينى چاغدا چاكار ـ دېدەكلەرنى ئېلىپ ـ سېتىشقا بولاتتى، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زامانىدىمۇ ئەھۋال شۇنىڭغا ئوخشاش، مەسىلەن، دۇنخۇاڭ تەتقىقات يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بىر پارچە قۇل، چاكار ئېلىم ـ سېتىم پۈتۈكىدە مۇنداق دېيىلگەن:

خېرىدار ۋاڭ شيۇجى نامە يوللاپ مۇنداق دەپتۇ: «بۈگۈن غوز قۇل دوباۋ 13 يىل ..... خۇيۋىن، 21 توپ خام يىپەككە ئەرزىدى، ئادەمنى سېتىۋالغۇچىغا بېرىڭلار»

(بۇ پۈتۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەتلەر چۈشۈپ قالغان، مەنىسىنى ئېنىق چۈشەنمەك تەس)

دېمەك، بۇ قۇلنىڭ باھاسى 21 توپ خام يىپەك بولۇپ، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى زامانىدىكى بىر قۇل توققۇز توپ يىپەككە يارىغان ئەھۋالدىكىدىن سەل قىممەترەك. تاڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋردە دۇنخۇاڭ رايونىدا شەكىللەنگەن فېئوداللىق مۇناسىۋەت تارىخىي ئامىللىرى غەربكە كۆچۈپ بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە شەك ـ شۈبھىسىز مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن.

## 3 ـ باب شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە يىپەك يولىدىكى سودا

شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن كۆپ خەۋەردار ئەمەسمىز، خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا بۇنىڭغا ئائىت خاتىرىلەر ئاساسەن يوق. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللارمۇ ئىنتايىن چۇۋالچاق ھەم تولۇق ئەمەس. بىراق، بىز بۇ پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەردىن بۇ دەۋردە گۇاجوۇ، شاجوۋ رايونىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائەت ۋە سودىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، ئۆتمۈشتىكى شىمالىي چۆللۈك دەۋرىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاساسەن ئۆزگىرىپ، كۆپ خىل ئىگىلىككە قاراپ بۇرۇلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بولۇپمۇ بۇ دەۋردىكى سودا ئىقتىسادى ئېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، بۇ دەۋردىكى گۇاجوۇ، رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك بولۇپ قالغان.

دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق: گۇاجوۇ، شاجوۋ ئايماقلىرىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، ئوت ـ چۆپى مول بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قىلىشقا باب كېلىدۇ، شۇڭا توخرى، ئۇيسۇن قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر مۇشۇ يەرگە ماكانلىشىپ، مال- چارۋا بېقىپ كەلگەن. كېيىن خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى خېشى رايونىنى ئېچىپ، بۇ يەردە دۇنخۇاڭ ۋىلايىتىنى قۇرغان، شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق بۇ رايوندا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدە كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىدى، غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ تەبىئىيلا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلدى. بىراق، خەنزۇلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، يەنە كېلىپ ئەتراپتىكىلىرى تامامەن دېھقانچىلىق رايونى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەدرىجىي دېھقانچىلىقنى ئۆگىنىپ، كېيىن يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا ئۆتتى. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان شاجوۋ ئايمىقىدىن «ئېسىل ئات» چىقىدىغان بولۇپ، جىڭشىنىڭ 4 ـ يىلى (1039 ـ يىلى) شاجوۋ ئۇيغۇر خانى سۇڭ سۇلالىسىگە تاپشۇرغان ئولپان ئىچىدە ئاشۇنداق ئېسىل ئاتلار بولغان. يەنە بىر خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى تۆگىنى كۆپ بېقىپ قاتناش قورالى قىلغان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىمۇ تۆگە (täwä) دېگەن سۆز بىرقانچە يەردە ئۇچرايدۇ، يەنە قوي (qoyn) سۆزىمۇ تىلغا ئېلىنغان، بەزى قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەردە كىشىلەرگە قېتىق (ayran) بېرىلگەنلىكى ھەققىدە بايانلار بار. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا كۆممىقوناق تىلغا ئېلىنغان. 14 ـ نومۇرلۇق ئۇيغۇرچە پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن:

sekü üzäki yer-ig yemä tar ɣ tar ɣali qilič... attï-lar man ïdmadïm men sü sïdïm etig küčäp men terïɣur men teyür men sü ïdmasan men taqï küčap tarïsar tarïɣur ärki ol on šïq qonaq x... barča etig äwintä eltmiš ačriqqa eltmämiš yaɣru-daqï ot yemä alïp kälürmiš äwintä eltmiŝ

«تۆپىدىكى يەرگە زىرائەت تېرىشنى تالىشىپ تىغ كۆتۈرۈشتى. مەن توسۇۋالدىم. مەن قوشۇن تارتىپ چىقتىم (ئاتلاندىم). مەن جابدۇقلىرىمنى ئوڭشاپ، ئۆزۈم تېرىيمەن. مەن ئېيتقان، ئۇلار قوشۇن

ئەۋەتمىسىلا، مەن يەرگە ئۇرۇق سېلىپ بولىمەن. ئۇ ئون شىق[1] قوناق ۋە بارچە جابدۇقلارنى ئۆيگە ئەكېلىۋالدىم، ئەمما ئاچرىققا[2] ئاپىرالمىدىم. يېقىن يەردىكى ئوت - چۆپنى ئېلىپ كېتىپ ئۆيۈمگە قويۇپ قويدۇم».

بۇ پۈتۈكتىكى مەزمۇندىن قارىغاندا، شاجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى مۇئەييەن تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. كىشىلەر يەر تالىشىپ تىغ كۆتۈرۈشتىن يانمىغان. دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، كىشىلەر يەنە چارۋىچىلىقنىمۇ قىلغان. مەسىلەن، كىشىلەر ئوت - چۆپنى يىغىپ قۇرۇتۇپ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشتە چارۋىلارنى قىشتىن ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈشنى مەقسەت قىلغان. كەتمەن قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قورال - جابدۇقلىرىنى ئىشلەتكەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پۈتۈكلەردە باشقا دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىدىن يەنە كىشمىش (قۇرۇق ئۈزۈم)، گۆلە - قاق، چىلان، ئىپار، مەستىكى رۇمىي قاتارلىقلارمۇ ئۇچرايدۇ.

قول سانائەت: شاجۇ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۇلارنىڭ مەھسۇلات سورتلىرىدىن ئاز - تولا بىلىۋېلىش مۇمكىن: (a) يىپەك، پاختا، چىگە توقۇلمىلار: بۇلار شاجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىدىكى ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەردىن قارىغاندا، بۇلارنىڭ تۈرى خېلى كۆپ بولۇپ، خام مەشۇت، باپكارلىق دۇكانلىرىدا توقۇلغان رەختلەر، يىپەك، تاۋار، ئېسىل يىپەك، چەكمەن، شايى، ئېسىل شايى، كىمخاب، يىپەك توقۇلما، پىششىق مەشۇت، قىزىل چەكمەن، ئېسىل يىپەك توقۇلما، قىزىل يۇڭ توقۇلما، ئاق يۇڭ توقۇلما، سېرىق يۇڭ توقۇلما، يىپەك، سىپتا ماتا، قول ياغلىق قاتارلىقلار بار؛ (b) توقۇمىچىلىق خام ئەشياسى: قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەردە يىپەك، يىپەك بويايدىغان بوياق، رەڭ قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان؛ (c) نۆشۈدۈر: بىر خىل ناترىي ئوكسىد، تېرىدىن كۆن - خۇرۇم ئىشلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان خام ئەشيا. سۇڭ سۇلالىسىلىق ۋاڭ يەندىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئەينى چاغدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن نۆشۈدۈر كۆپ چىقىدىكەن. شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۇنى ئوردىغا ئولپان سۈپىتىدە تاپشۇرغان، گۇۋاجۇ، شاجۇ تەرەپلەردىنمۇ چىقسا كېرەك. (d) كۆن - خۇرۇم: خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، شاجۇ ئۇيغۇرلىرى كېيىك تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆننى ئولپان سۈپىتىدە تاپشۇرغان. سۇڭ سۇلالىسىلىقلارنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، غەربىي شىمال رايونىدا كېيىك تېرىسىنى نۆشۈدۈر بىلەن ئەيلەپ، پىششىقلاپ كۆن قىلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۆتۈك تىكىپ كىيىشكە بولىدىكەن. (e) مېتال ياسالمىلار: قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا قازان، پىچاق، كۈمۈش چىنە، ئات ئېگىرى، كۈمۈش ساداق، قايچا، كەتمەن قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ؛ (f) تۆرمۈش بۇيۇملىرى: مەسىلەن، چىنە - قاچا، تەڭنە، تارغاق، چېدىر قاتارلىقلار؛ (g) باشقا قول سانائەت بۇيۇملىرى: قەغەز، مەرۋايىت، سۆكە، سىرلانغان قاچا - قۇچىلار، قاشتاش بۇيۇملار، شىشىخال، كەھرىۋا، توغراغۇ، زەمچە قاتارلىقلار؛ (h) ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن: باپكارلىق دۇكانلىرى بولغان.

ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قول سانائەت ئەمگىكى جەھەتتە خېلى ئىنچىكە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بولغان، مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەردىكى زەرگەر، كىلىشچىلارنىڭ نامىلىرى

① شىق: ئۆلچەم بىرلىكى، بىر دەنگە تەڭ بولسا كېرەك.
② ئاچرىق: قۇرۇق ئوت - چۆپ قۇرۇتىدىغان جاي.

بۇ مەسىلىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**سودا ۋە يىپەك يولىدىكى سودا ـ سېتىق:** خېشى كارىدورىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم جاي بولغانلىقى سەۋەبلىك لەشكەرچىلىكتە تالاش ـ تارتىشقا قېلىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بېرى بۇ يەر يىپەك يولىدىكى ئۆتكەل ۋە ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇق قاتنىشىدىكى بوغۇز سانىلىپ كەلگەن، دۇنخۇاڭ بۇ قاتناش ئۆتكىلىنىڭ باش تۈگۈنى. شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، ئەتراپتىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان سودىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرغان.

ئالدى بىلەن شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى بىلەن بولغان ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇش سودىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇنداق سودىغا ئائىت تارىخىي خاتىرىلەرنى بىز ئىلگىرى شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا توختالغاندا بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئوردىغا ئولپان تاپشۇرىدىغان مۇنداق سودا ھاكىمىيەت جەھەتتىكى بىر خىل باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتتى بولۇپلا قالماي، يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش سانىلىدۇ. بەزى پەۋقۇلئاددە تارىخىي ئەھۋالدا، مۇنداق سودىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتى ھاكىمىيەت جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن كۆپ ھالقىپ كېتىدۇ. شۇڭا، مۇنداق ئولپان تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە بىر خىل ھۆكۈمەت تەرەپ سودا مۇناسىۋىتى دەپمۇ قارىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە، ئەل ئارا سودا ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتە ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. سودا ـ سېتىق قىلىنغان بۇيۇملار ئاساسلىقى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بولغان.

دۇنخۇاڭدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر چىقمايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم، بىراق قەدىمكى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ دەۋردە دۇنخۇاڭدا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر بۇيۇملار يەنىلا ناھايىتى كۆپ بولغان، بۇ مېتال بۇيۇملارنىڭ سىرتتىن ئېلىپ كېلىنىشى تەبىئىي.

يىپەك، چىگە توقۇلمىلار شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى كۆپ ئېلىم ـ سېتىم قىلىنغان ماللاردۇر. شاجوۋ چىگىنىڭ ماكانى بولۇپ، چىگە كۆپ چىقىدۇ، شۇڭا شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا چىگە توقۇلما خېلى كۆپ تىلغا ئېلىنغان. يىپەك ۋە يىپەك توقۇلمىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ يەردىن چىقمايدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، شاجوۋدا ئۇجمە دەرىخى تىكىپ، پىلە باققانلار بولسىمۇ (مەسىلەن، تۇبۇتلەر دەۋرىدە دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا يىپەك، پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان قەبىلىلەر ۋە يىپەكچىلىك دۇكانلىرى بولغان، ۋۇزېتيەن قۇرغان جوۋ خانىدانلىقى دەۋرىدە بۇ يەردىن پىلە، چىگە سېلىقى يىغىلغان)، بىراق سانى كۆپ ئەمەس. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا يىپەك توقۇلمىلار چىگە توقۇلمىلاردىن كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ يىپەكلەرنىڭ بۇ يەرگە سىرتتىن ئېلىپ كىرىلگەنلىكىدە شەك يوق.

شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ئەتراپتىكى رايونلار بىلەن ئىنتايىن قويۇق سودا ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن بولۇپ، كارۋانلار قاتناپ تۇرغان، شۇنداقلا كارۋانلار ھەتتا شەرقىي شىمالدىكى قىتانلار رايونىغىچە بارغان. تۆۋەندە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدىغان يەر ناملىرىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ كۆرسەتتۇق:

| نەقلىيات يۆنىلىشى | نىشانلانغان جاي | يازما يادىكارلىق نومۇرى |
|---|---|---|
| شەرق | سۇجوۋ، گەنجوۋ | 1، 2، 8، 19، 22 |
| غەرب | جۇڭيۇن | 7 |
| غەربىي شىمال | تۇرپان، قۇمۇل | 17، 5، 13 |
| شەرقىي شىمال | قىتانلار، ئۆتۈكەن تېغى | 8، 9 |
| غەربىي جەنۇب | ئۇدۇن | 6، 18 |

بۇلاردىن سىرت، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى ئەتراپتىكى جايلاردا دۇكان ـ سارايلارنىمۇ ئاچقان بولۇشى مۇمكىن.

شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئەتراپتىكى جايلارنىڭ سودا ئالاقىسىدە كارۋان سودىسى ئەڭ ئۆزگىچە مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېلان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى 42 پارچە يازما يادىكارلىقنىڭ كەم دېگەندە 15 پارچىسى (1 ~ 3، 5 ~ 9، 12، 13، 15، 19 ~ 22) سودا ـ سېتىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇلار خەت ـ چەك، ھۆججەت ۋە ھېساب ـ كىتاب تىلخەتلىرىدە تارقاق ئۇچرايدىغان بولۇپ، كۆپىنچىسى كارۋانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەينى چاغدا كارۋان سودىسى قىلىدىغانلار ئادەتتىكى سودىگەرلەرلا بولۇپ قالماي، بەلكى يەنە بۇددا راھىبلىرى (مەسىلەن، 15 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى ئاكارىيا چىڭدۇ ۋە 12 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى دارماچاريا)، ئەلەمدار، قەلەمدارلار (مەسىلەن، 9 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى تۇتۇق، 3 ـ نومۇرلۇق ۋە 12 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى چىگشى، 3 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى تارخان، 5 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى لەشكەر بېشى ۋە 19 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتىكى سانغۇن قاتارلىقلار)، ھەتتا شاجوۋ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى تېكىنلەرمۇ سودا بىلەن شۇغۇللانغان (6 ـ نومۇرلۇق پۈتۈك). قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازمىلاردىن قارىغاندا، كارۋان سودىسىدىكى تاۋارلار ئالدى بىلەن توقۇلمىلار، يەنى يىپەك توقۇلما، خام مەشۇت، پىششىق يىپەك، چەكمەن، پاختا رەخت، شايى، قول ياغلىق، باپكارلىق دۇكانلىرىدا توقۇلغان رەخت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان، بۇلاردىن سىرت، ئىپار، بوياق، قوي، تۆگە، مەرۋايىت، سىرلانغان تەلەڭگە، كۈمۈش قاچا، كۈمۈش ساداق، تارغاق، قازان، پىچاق، كەتمەن، كىمخاب، قېتىق قاتارلىقلار، ھەتتا قۇللار ئېلىپ، سېتىلغان. دۇنخۇاڭدىن چىقىدىغان داڭلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات كىشمىش (قۇرۇق ئۈزۈم)، گۈلە ـ قاق ۋە چىلانلارمۇ پۈتۈكلەردە چېلىقىدۇ، بۇلارنى سودىگەرلەر يولدا خەقكە سوۋغا قىلغاچ ماڭغان.

ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ سودىسىدا بىرقەدەر ئىنچىكە ئىش تەقسىماتى بولغان، «تارغاق سودىگىرى» دېگەندەك گەپلەرنىڭ ئۇچرىشى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى خېشى، قوچۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا، سودىغا ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان. تارىخىي يازما يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا بېدىكلىق رولىنى ئوينىغان. سۇڭ سۇلالىسىلىق خۇڭ خاۋ مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان:

ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ تەدرىجىي خارابلاشقان، گەنجوۋ، لياڭجوۋ، گۇاجوۋ، شاجوۋ ئايماقلىرىدا كونا قوۋم بارگاھلىرى بولۇپ، كېيىن تاڭغۇتلارغا قارام بولغان... ئادەملىرىنىڭ كۆپى سودىگەر، ھەتتا يەن بەگلىكى دىيارلىرىغىچە سودا قىلىپ بارغانلار بار، ماللىرىنى تۆگىگە ئارتىپ ماڭىدۇ. تاڭغۇتلار دىيارىدىن ئۆتكەندە قولىدىكى ئېسىل ماللىرىغا ئون تاڭغۇتتىن

بىرەرسىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، سودىگەرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكىنى شۇ... (ئۇلار) ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى پەرق ئېتىشكىمۇ ئۇستا، يات قوۋملار ۋە خەنزۇلار بازارغا كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ بېدىكلىكىسىز ماللىرىنى لايىقىدا باھادا ساتالمايدۇ. («دەشت ـ چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم. ئۇيغۇرلار»)

بۇ يەردە گەپ مەخسۇس شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىغىلا قارىتىلمىغان بولسىمۇ، بىراق شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك سودىسىدىكى مۇھىم ئورنىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئەينى چاغدىكى بازارلاردا بولۇۋاتقان تاۋار سودىسىنىڭ كونكرېت شەكلى قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەردە كۆپ ئەكس ئەتمىگەن، پەقەت قېتىقنى قول ياغلىققا تېگىشكەن، قوينى چەكمەنگە تېگىشكەن ئەھۋاللار بار، ئەينى چاغدىكى شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پۇل ئىقتىسادىمۇ ئەكس ئەتمىگەن. بىراق، ئەينى چاغدىكى تارىخىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پۇل ئىقتىسادى مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسا كېرەك، شۇغىنىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا بۇنىڭغا ئائىت خاتىرە يوق.

ئۆلچەم بىرلىكلىرى: قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈكلەردە ئاساسلىقى شىق (šiq)، شىڭ (šing)، قاپ (qap)، پاترى (patri)، زاتىر (Zatir) دېگەندەك ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۇچرايدۇ.

1. شىق (šiq). خەنزۇ تىلىدىكى «石» سۆزىدىن كەلگەن. «石» سۆزى سىغىم بىرلىكى بولۇپ، خەنزۇچىدا «dan» دەپ ئوقۇلىدۇ، بىراق قەدىمكى زاماندا ši<ziäk دەپ ئوقۇلغان. شىق (šiq) سۆزى شۇنىڭدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇ سۆز يەر كۆلەم بىرلىكى قىلىپ قوللىنىلغان، مەسىلەن، تۇرپاندىن تېپىلغان «TID176(m238)n» دەپ نومۇر سېلىنغان پۈتۈكتە «ئالتە شىق يەر» (aleï šïqyir) دېيىلگەن، بۇنىڭ مەنىسى ئالتە شىق ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەر دېگەنلىك بولىدۇ. چېچىلىدىغان ئۇرۇق مىقدارى بىلەن يەر كۆلىمىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى 1949 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قەدەر جەنۇبىي شىنا رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىپ كەلگەن. بىزنىڭ تەكشۈرۈپ مۆلچەرلىشىمىزچە، بىر شىق يەر تەخمىنەن ئون مو چىقىدىكەن. بىراق، شاجوۋ ئۇيغۇرلىرى مۇنداق يەر ھېسابلايدىغان ئۇسۇلنى قوللانماي، ئۇنى مىقدار بىرلىكى سۈپىتىدىلا قوللانغاندەك قىلىدۇ، مەسىلەن، «ئون شىق قوناق» (on šiq qonaq) دېگەندەك، بۇ ئاشۇ جايدىكى خەنزۇلارنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك.

2. شىڭ (šing)، خەنزۇ تىلىدىكى «升» دىن كەلگەن، ئوندىن بىر كۈرە (küri، 斗) ۋە يۈزدىن بىر شىق (šiq، 石) قا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، تۆت شىڭ بودۇر (türt šing bodur، تۆت شىڭ بوياق) دېگەندەك.

3. قاپ (qap)، يەنە قاپ (qab) مۇ دېيىلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ سۆز «تۇلۇم، قاچا» دەپ ئىزاھلانغان. تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە پۈتۈكتە بۇ سۆز ئۈزۈم شارابىنى ئۆلچەيدىغان بىرلىك سۈپىتىدە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، «يارىم قاپ بور (yarïm qap bor، يېرىم قاپ ئۈزۈم شارابى)، شۇڭا ئالىملار «قاپ»نى سۇيۇقلۇق سىغىم بىرلىكى دەپ قارىغان. بىراق، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقتا «بىر قاپ قۇرۇق ئۈزۈم» (bir qap quruɣ üzüm) ۋە «بىر قاپ چۇبۇقان» (bir qap čubuqan)، يەنى «بىر قاپ چىلان» دەپ كەلگەن، بۇنىڭدىن قاتتىق جىسىملارنىڭ ھەجىم بىرلىكى قىلىنغاندەكمۇ قىلىدۇ.

4. پاترى (patri)، سانسكرىتچە «pätra» (پاترا) دىن كەلگەن، قاچا دېگەن مەنىدە. مەسىلەن، «تۆرت پاترى يىپار» (تۆت پاترى ئىپار، تۆت قاچا ئىپار، تۆت چىنا ئىپار).

5. زاتىر (zatir)، سوغد تىلىدىن كەلگەن، «سەرگە» باراۋەر، مەسىلەن، «يىگىرمە زاتىر يىپار» (yipar yegirmi zatir، يىگىرمە سەر ئىپار.)

(تەرجىمە قىلغۇچى: ج ك پ تىيانشان رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدا)

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «شېئىرىي دىۋان»

«دىۋان» (Diwan) ئاتالغۇسى ئەسلىي پارس (ئىرانىي) تىلىدىكى سۆز بولۇپ، كېيىن ئەرەب تىلىغا سىڭىپ كىرگەن ۋە ئەرەب ئىمپېرىيەسى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇنىڭدىن كېيىن شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مۇسۇلمان ئەللەردىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىغا سىڭىپ كىرگەن. بۇ سۆز كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، تار ۋە كەڭ مەنىدە ھەم ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە كەڭ قوللىنىلغان. بۇ سۆز ئەسلىي پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغاچقا، جۈملىدىن شېئىر يېزىقچىلىقى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندە، «توپلام، يىغىندا، تاكامۇل، توپلىماق، جەمئىي» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. باشقا تىللاردا ئىشلىتىلگەن ۋاقىتتا بولسا مەنە دائىرىسى كېڭىيىپ ياكى تارىيىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ سۆز دەسلەپ خانلىق ـ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەمۇرىي فۇنكسىيەلىك تارماقنىڭ نامى قىلىپ قوللىنىلغان.

«دىۋان» سۆزىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك مەنىلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بەزى مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئاستا ـ ئاستا يوقاتقان.

ئۇيغۇرلار مول بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات مىراسلىرى بولغان قەدىمىي، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر قەدىمكى زامان ئەدەبىيات تارىخى ئاساسەن پوئېزىيە، يەنى شېئىرىيەت تارىخىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ خىل ئەدەبىيات ئۇزۇن يىللىق شېئىرىي ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان، ھەرخىل شېئىرىي ژانىر ـ شەكىللەر ۋە مول ئېستېتىك مەزمۇنلىرى ئارقىلىق دۆلىتىمىزدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە دۇنيا شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن. بولۇپمۇ بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بارلىققا كېلىش، شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەھەتتە شەرق ئەللىرى ئەدەبىياتى رامكىسى ئىچىدە ئەنئەنىۋى «شېئىرىي دىۋان» تۈزۈش جەھەتتە ئۆزىگە خاس بولغان ئۇسلۇب، ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ياراتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، ئەلۋەتتە.

«دىۋان» سۆزى دەسلەپ نوقۇل ھالدا مەمۇرىي فۇنكسىيەلىك تارماقنىڭ نامىنى ئىپادىلەپ قالماستىن، تىل ـ ئەدەبىيات دائىرىسىدە ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە بولغان. يەنى، قاپىيە ـ رادىفلىرىنىڭ ئاخىرى چاغاتاي يېزىقى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈگەللەنگەن ئارۇز ۋەزنىلىك لىرىك شېئىرلار توپلىمى «شېئىرىي دىۋان» ئۇقۇمىغا ئىگە بولغان.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 850 — 1212 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات، چاغاتاي ئەدەبىياتى، ياركەنت (سەئىدىيە) خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋە 18 — 19 ـ ئەسىرلەردىكى ئەدەبىياتىنىڭ پوئېزىيە تۈرىدە تىلى گۈزەل، شەكلى پاساھەتلىك، مەزمۇنى مول ۋە چوڭقۇر بولغان نۇرغۇنلىغان «شېئىرىي دىۋان»لار بارلىققا كەلگەن. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «شېئىرىي دىۋان» ھادىسىسىنىڭ مەنبەسى، تەرەققىي قىلىش، مۇكەممەللىشىش جەريانى، گۈللەنگەن ھەم چېكىنگەن

دەۋرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

1. مەسلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

دىۋان (Diwan) سۆزى، يەنى دىۋان (狄完 , 迪旺) ئاتالمىسى تۈركىي تىلىنى قوللىنىدىغان مىللەتلەر ئارىسىدا «خانلىق — دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىقى»، «كوماندىرلار ئىشتابى»، «باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى»، «ئورگانلارنىڭ جۇغلانمىسى»، يەنى «خانلىق كېڭەش — دۆلەتلىك يىغىن» دېگەندەك مەنىلەردە قوللىنىلىپمۇ كېلىنگەن. جۈملىدىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىلىدا «دىۋان» سۆزى هاكىمىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يىغىن، مۇنازىرە، ئوردا، ئىشخانا، كاتىپ، باشقارما، بۆلۈم، مەمۇرىي مەھكىمە، خانلىق كىرىم - چىقىمنى خاتىرىلەيدىغان ھېسابات دەپتىرى، خانلىق كىرىم - چىقىمىنى باشقۇرۇش خادىمى، ۋەزىر، خانلىق مەمۇرىي ئىشلار مەھكىمىسى، كاتىبات ئىشخانىسى، خان - شاھلار تۇرىدىغان تۇرالغۇ - ئوردا دېگەندەك مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا سامانىي خاندانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 874 — 999 - يىللار)دە «دىۋان»نىڭ مەمۇرىي فۇنكسىيەسى ئالاھىدە قېلىپلاشتۇرۇلغان. مىلادىيە 10 - ئەسىردە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق نەرشەھى (نارشاش) « تارىخى بۇخارا » (بۇخارا تارىخى) دېگەن كىتابىدا تىلغا ئالغان ئۇچۇرلاردىن مەلۇمكى، سامانىي خاندانلىقى 10 خىل «دىۋان قۇرۇلمىسى» بويىچە دۆلەت باشقۇرغان. مەسىلەن، دىۋانى ۋازىر، دىۋانى مۇستەۋفى، دىۋانى راسىل (دىۋانى ئىنشا)، دىۋانى ساھىب شۇرات، دىۋانى ساھىب بارىد، دىۋانى مۇشرىف، دىۋانى ئەمدۇل مۇلك، دىۋانى ۋەقف، دىۋانى قازى[1]. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى « دىۋانى ۋەزىر — ۋەزىر دىۋان» دۆلەتنىڭ ئومۇمىي باشقۇرۇشتىكى مەھكىمىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، سىياسىي جەھەتتىكى ئىشلىرىنى بىۋاستە باشقۇرىدىغان قۇرۇلما بولغان. باشقا مەمۇرىي ئەمەلدارلار بولسا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىقى (ۋەزىرلەر باشقارمىسى) گە بويسۇنغان.

بۇ ماقالىدە نۇقتىلىق ھالدا «دىۋان» سۆزىنىڭ ئەدەبىيات ۋە گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكى مەنىسىنى تەھلىل قىلىمىز.

2. «شېئىرىي دىۋان»نىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدىكى قاراشلار

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش، «دىۋان» سۆزى خانلىقنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئاپپاراتلىرى نامىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە يەنە «شېئىرىي توپلام»لارنىڭمۇ «دىۋان» دەپ ئاتالغانلىقىنى مۇلاھىزىگە قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

«شېئىرىي توپلام»نى دىۋان شەكلىدە تۈزۈشنىڭ باشلانغان ۋاقتى ۋە ئورنى توغرىسىدا ئوخشاشمىغان قاراشلار بار.

بىر خىل قاراش بويىچە بولغاندا، مەخسۇس دىۋان تۈزۈش ۋە شېئىرلارنى توپلام قىلىش ئىسلام دۇنياسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلانغان بولۇپ، تۇنجى توپلامنى مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان خۇۋەلت ئىبىن خالىد (مىلادىيە 646 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) تۈزگەنىكەن. ئۇ توپلىغان شېئىرلار توپلىمىغا «دىۋانى ئەبۇزەب» (艾布祖甫迪旺) دەپ ئات قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب ۋە ئىرانىي ئەدەبىياتىدا توپلام تۈزۈش ئەنئەنىۋى شەكىلگە ئايلانغان[2].

يەنە بىر خىل قاراش بويىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا شېئىرىيىتىدىكى «دىۋان»چىلىق ھادىسىسى مىلادىيە 10 — 11 - ئەسىرلەردىن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ قېلىپلاشقان دەۋرى بولسا ئىرانىي شائىرى شەيخ سەئدىي (1292 — 1208) نىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ[3].

«شېئىرىي دىۋان» ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ۋاقتى جەھەتتىن، بىرىنچى خىل قاراشنىڭ

تەرەپدارلىرى تەرەپتە تۇرۇپ، نىسپىي پىكىر قىلغاندا، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى «شېئىرىي دىۋان» تۈزۈش ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولىدۇ. شېئىرىيەتتىكى ئارۇز نەزەرىيەسى بولسا مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەھمەد (مىلادىيە 791 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. دەسلەپتە خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئارۇز نەزەرىيەسىدىكى بەھرىلەرنى 16 خىلدىن ئارتۇقراق بۆلگەن ۋە ئۇلارغا ئايرىم ـ ئايرىم نام قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىرانىي تىللىق ئالىملار بۇنىڭغا يەنە ئۈچ خىل شەكىلنى قوشقان. ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەربىر كۆي شەكلىدە يەنە كۆپ خىل تۈرلىرى بار بولغان. بۇ خىل قانۇنىيەت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇزۇن ـ قىسقا بوغۇملارنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە تىزىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئاھاڭدارلىقنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، شېئىر بوغۇملىرىنىڭ گىرەلىشىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئارقىلىق مۇزىكا گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان ھالەتكە ئۆزگەرگەن.

ئۇيغۇرلار مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىرانىيلار (ياكى پارسلار) ۋە ئەرەبلەرنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇنداقلا، شېئىرىيەتتىكى ئارۇز نەزەرىيەسىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدىكى شېئىرىي ۋەزىن چۈشەنچىسى ئەرەبلەردىن كىرگەن سىستېمىلاشقان ئارۇز ۋەزنى ئالاھىدىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ خېلىلا تەرەققىي قىلغان ھەم «ئارۇز سىستېمىسى قارىشى» بارلىققا كەلگەن. مانا مۇشۇ خىل ھالەت خېلىلا چاپسان سۈرئەتتە شەكىللەنگەن بولغىنى ئۈچۈن، دەل شۇ 11 ـ ئەسىرنىڭ 69 — 70ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلىپ شۆھرەت قازانغان.

**3. «شېئىرىي دىۋان»نىڭ تۈزۈلۈشى**

«شېئىرىي دىۋان»نىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ئەلىشىر نەۋايى «بەدايىئۇل ـ بىدايە» (گۈزەل سەنئەتنىڭ باشلىنىشى) ناملىق ئەسىرىنىڭ «دىباچە»سىدە قىسقىچە ئېنىقلىما بېرىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «... يەنە مەسنەۋىلەردىن، قەسىدىلەردىن باشقا — ئۇلار ھەرقايسىسى ئايرىم كىتاب بولغۇسى — ھەر تۈرلۈك شېئىرلاردىن، مەسىلەن، روھنى كۆتۈرىدىغان مۇخەممەسلەر ھەممىسى بەش زىننەتلىك، راۋان مۇسەددەسلەر ھەممىسى ئالتە قەۋەتلىك، مەنپەئەتلىك رۇبائىيلار ھەممىسى لاتاپەتلىك، پايدىلىق قىتئەلەر ھەممىسى مەنپەئەتلىك، كۆڭۈلگە يېقىملىق مۇستەھزادلار بارچىسىنىڭ سۈپەتلىرى خەتتىن زىيادە، تەڭداشسىز فەردلەرنىڭ ھەممىسى شېرىن ۋە راۋانلىقتا يېگانە، نامىغا ئائىت مۇئەممالار بارچىسى ئات يوشۇرماقتا چاققان، قىزغىن نەپەرلەرگە بارچىنىڭ مەپتۇنلۇقى ئايان، بىر ـ بىرىگە باغلانغان تەرجىئبەندلەر ھەممىسى يېقىملىق، مۆتىدىل تۇيۇقلار بارچىسى تۈركىيچە ئۇسلۇبتا بولۇپ، بۇ بېيىتلار تەۋەسىدە ھەمراھ بۇ شېئىرلار گۇرۇھىدا تەۋە بولدى»[4].

بەدىئىي شەكىل ۋە ئېستېتىك ئىدېئال ھەم مەزمۇن تېرەنلىكى جەھەتتىن ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىش تەلەپ قىلىنىدىغان «شېئىرىي دىۋان» پۈتۈنلەي لىرىك شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدە «غەزەل»، «قىتئە» ۋە «رۇبائىي» قاتارلىق ژانىرلار كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن.

**4. «شېئىرىي دىۋان»دا ئۆزلەشتۈرۈلگەن لىرىك شېئىرىي ژانىرلارنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى**

غەزەل ـ 3 بېيىتتىن 15 ـ بېيىتكىچە يېزىلىدىغان لىرىك شېئىر.

قىتئە — غەزەل ياكى قەسىدىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئىككى - ئۈچ بېيىت ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېيىتتىن تەركىب تاپقان پارچە. (يۇقىرىدا ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان.)

رۇبائىي — تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن ھېكمەتلىك پىكىر، پەلسەپىۋى مەزمۇن ئىپادىلىنىدىغان شېئىرىي شەكىل .

فەرد: «فەرد» تاق، يېگانە دېگەن مەنىدە بولۇپ، بىرىنچى خىل قاپىيە شەكلىدە ھەر ئىككى مىسرا قاپىيەلىنىپ كېلىدۇ. ئىككىنچى خىل شەكلى بولسا قاپىيەسىز شەكلى بولۇپ، قاپىيەدىن ئازاد شەكىلدە بولىدۇ، بۇ ئادەتتە «پارچە» دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە بولسىمۇ، بىراق، بىر قەدەر مۇرەككەپ مەنىلەرنى ئىپادىلەشكە قارىتىلىدۇ[5]، شۇنداقلا شەكلىمۇ خېلى مۇرەككەپ بولىدۇ. ئادەتتە فەرد — بىر بېيىتتىن تۈزۈلگەن شېئىرىي شەكىل دەپمۇ قارىلىدۇ.

مۇئەممما — سۆز ئويۇنى، يەنى ھەرپلەرنى يوشۇرۇپ ياكى مەلۇم بەلگە ئىما - ئىشارەتلەر ئارقىلىق يوشۇرۇن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر - سۆزنى يېشىش ياكى تېپىشنى مەقسەت قىلغان شېئىرىي شەكىل.

تۇيۇق — شەكىلداش سۆزلەرنى قاپىيە ئورنىدا ئىشلىتىدىغان، تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىرىي شەكىل. ئۇ ئەرەب تىلىدا «مۇختەمىلات» ۋە «تەجنىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇخەممەس — بەش مىسرالىق شېئىرىي شەكىل. غەزەل بېيىتىنىڭ ئالدىغا يەنە ئۈچ مىسرا قوشۇپ يېزىلسا، ئۇنداقتا بۇ «تەخمىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

چىستان — شېئىرىي تېپىشماق.

مۇسەددەس — ئالتە مىسرالىق شېئىر.

تەرجىئبەند — ۋاستە بېيىتى ئەينەن تەكرارلىنىدىغان (تەرجىئاتلار) بىر خىل شىئېرىي شەكىل.

مۇستەھزاد — ئادەتتە ئاشۇرماق، ئاشۇرۇلغان دېگەن مەنىدە بولۇپ، شېئىرنىڭ ئادەتتىكى ۋەزنى ئۆلچىمىدىن يەنە ئىككى رۇكىن ئاشۇرۇۋېتىش ئۇسۇلىغىمۇ قارىتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسى ئۆزئارا قاپىيەلىنىدىغان شېئىرىي شەكىل.

مۇسەممەن — ھەربىر مىسراسى سەككىز مىسرادىن تۈزۈلگەن مۇسەممەتلەر.

تەركىبەند — تەرجىئبەندنىڭ بىر تۈرى.

قەسىدە — قەھرىمانلار ياكى مۆتىۋەر زاتلارنى ماختاپ يېزىلغان شېئىرلار.

مەسنەۋى — مەسنەۋى بېيىتنى ئاساس قىلغان ئايرىم قاپىيەلىك شېئىرىي شەكىل.

ساقىينامە — مەي تېما قىلىنغان شېئىرىي شەكىل، ئۇ ئادەتتە بىرقانچە بەند[6]تىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ ھەجمى ئادەتتە سەل ئۇزۇن بولىدۇ[7].

بەزى «شېئىرىي دىۋان»لار ئادەتتە «مۇھەببەتنامە» شەكلىگە ئويغۇنلاشقان.

يۇقىرىقى لىرىك شېئىرىي ژانىرلاردىن باشقا يەنە بەزى ژانىرلارمۇ بار بولۇپ، بۇلار باشقا شائىرلارنىڭ، جۈملىدىن نەۋائى قاتارلىقلارنىڭ «لىرىك شېئىرىي توپلاملىرى»دىن، جۈملىدىن باشقا تۈردىكى ئەسەرلىرىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى كۆرسەتكەن[8]. مەسىلەن،

مۇرەببە — تۆت مىسرالىق شېئىرىي شەكىل.

مۇسەللەس — ھەربىر كۇبلېتى ئۈچ مىسرادىن تەركىب تاپقان مۇسەممەتلەر.

مۇسەببە — ھەربىر كۇبلېتى يەتتە مىسرادىن تەركىب تاپقان مۇسەممەتلەر.

مۇتەسسەئى — ھەربىر كۇبلېتى توققۇز مىسرادىن تەركىب تاپقان مۇسەممەتلەر.

مۇئەششەر ــ ھەربىر كۇبلېتى 10 مىسرادىن تەركىب تاپقان لىرىك شېئىر.

تەرجىئات ــ بىر خىل لىرىك شېئىرلار تۈرىنىڭ ئومۇمىي نامى، ئۇنىڭدىكى شېئىرلار ئوخشاش ۋەزىندە، ئەمما ئوخشىمىغان قاپىيەدە يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە، تەرجىئەند دېگەنگە ئوخشاش تۈرلىرى بار.

تارىخ ــ تارىخىي شېئىر، يەنى تارىخ تېما قىلىنغان شېئىر.

مەرسىيە ــ ماتەمنامە، يەنى قايغۇ ـ ھەسرەتنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرىي شەكىل، بۇنىڭ يەنە ئۆلگىيە دېگەن تۈرىمۇ بار.

لۇغز ــ شېئىرىي تېپىشماق ئۇسلۇبىدا يېزىلغان لىرىك شېئىر، ئۇنىڭ چىستان بىلەن ئوخشاشلىقىمۇ بار.

مۇسەممەت ــ لىرىك شېئىرىيەتتە ئۈچ مىسرالىقتىن 10 مىسرالىققىچە بولغان كۆپ مىسرالىق كۇبلېت (بەند) لاردىن تەركىب تاپقان شېئىرلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ مۇسەممەت دېيىلىدۇ.

**5. «دىۋان» نامى بىلەن باغلانغان دەسلەپكى ئەسەرلەر**

ئۇنداق بولسا «دىۋان» توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەم «دىۋان» توغرىسىدىكى نەزەرىيەۋى بىلىمىمىزنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، نەزىرىمىزنى ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتى خەزىنىسىدىكى «دىۋان» نامى بىلەن باغلانغان ئەسەرلەرگە قارىتىپ باقايلى:

1. «دىۋانۇل ـ ئەدەب» (تولۇق نامى «دىۋانۇل ـ ئەدەب فى بايان لۇغەتۇل ـ ئەرەب» ــ ئەرەب تىلىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەدەبىيات دىۋانى)، ئاپتورى ئىبراھىم فارابىي: تولۇق نامى ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئەل فارابىي (ياكى ئىسھاق فارابىي)، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان ئوترار(ئوترار كەنت، فاراب، جەۋھەر) شەھىرىدە تۈركىي نەسەبلىك ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، يېتىشىپ چىققان ئالىم بولۇپ، بۇ ئەسىرىنى ئەرەب تىلى بىلەن ھىجرىيە 349 ـ (مىلادىيە 961 ـ) يىلى يېزىپ چىققان. بۇ ئەدەبىيات لۇغىتىگە ئائىت كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ⑨.

2. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، بۇ مەھمۇد كاشغەرىي (مەھمۇد ئىبنى ئەل ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئەل كاشغەرىي، تەخمىنەن 1008 ــ 1105 ـ يىللار) تەرىپىدىن 1072 ــ 1074 ـ يىللاردا باغدادتا تۈركىي تىلنى ئەرەبچە چۈشەندۈرۈپ يازغان لۇغەت كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭغا 242 كۇبلېت شېئىر ۋە 200دىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىل قوشۇمچە قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى شېئىرلار مەسنەۋى، غەزەل، مۇرەببە، مەرسىيە، داستان (ئېپىك شېئىر) قاتارلىق ژانىرلاردىن تەركىب تاپقان⑩.

3. «دىۋانى ھېكمەت»، بۇ ئەسەر قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتا تەۋە «پىرى تۈركىستان» دەپ نام ئالغان ھەم سايرام شەھىرىدە تۇغۇلغان ئەھمەد يەسسەۋىي (قول خوجا ئەھمەد، تەخمىنەن مىلادىيە 1093 ــ 1166 ـ يىللىرى) نىڭ ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن يېزىپ چىققان شېئىرلار توپلىمى. ئۇنىڭدا مەسنەۋى، مۇرەببە، غەزەل، مۇسەددەس، مۇخەممەس قاتارلىق شېئىرىي ژانىرلار بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر بار⑪. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئاروز ۋەزنى بويىچە يېزىلىپ، چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىگە ماسلاشتۇرۇلمىغان بولسىمۇ، بىراق «دىۋانى ھېكمەت» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى «دىۋان ئەدەبىياتى»غا مەنسۇپ ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**6. چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە «شېئىرىي دىۋان» ھادىسىسى**

«چاغاتاي ئەدەبىياتى»نىڭ بىرىنچى ئاملى بولغان چاغاتاي تىل ـ يېزىقى ئادەتتە مىلادىيە 14 ــ 20 ـ ئەسىر(بەزى قاراشتا 15 ــ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى)نىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى ئۇيغۇر،

ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر ئىشلەتكەن بىر خىل تىل ـ يېزىق. «چاغاتاي تىل ـ ئەدەبىياتى» (بۇنى ئادەتتە «چاغاتاي تىل ـ ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىيات» دەپ ئاتىسا بىرقەدەر ئېنىق بولغان بولىدۇ)نىڭ دەسلەپكى باسقۇچى مىلادىيە 14 ـــ 15 ـ ئەسىرنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ مەزگىلدە چاغاتاي تىل ـ يېزىقى بىلەن «دىۋان»[12]، يەنى «دىۋانى ھافىز» («دىۋانى ھافىز تۈركىي»)[13]، «دىۋانى ئەمرىي»[14]، «دىۋانى گەدايى» (ياكى «دىۋانى گەدا») قاتارلىقلار مەيدانغا كەلگەن[15]. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلى، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى سەمەرقەنتتە ياشىغان كاشغەرلىكلەرنىڭ ئەۋلادى بولمىش ئەھمەد ھاجىبەگ (ئەھمەد جامىيبەگ، تەخەللۇسى: ۋەفائىي) «دىۋانى ۋەفائىي»[16] ناملىق توپلىمى بولغان. بابۇرىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى زەھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر (1483 ـــ 1530) قاتارلىقلار ھەم چاغاتاي تىل ـ يېزىقى بىلەن لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ چىقىشقان ھەم شېئىرىي دىۋان تۈزۈشكەن[17]، جۈملىدىن، «دىۋانى بابۇر»[18] ناملىق توپلىمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

چاغاتاي تىل ـ يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىل بولغان. 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلى ۋە 16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «دىۋانى لۇتفىي»[19]، «دىۋانى ئاتايى» («دىۋانى شەيخزادە ئاتايى»)[20]، «دىۋانى سەككاكىي»[21]، «دىۋانى ھۈسەينىي» ياكى «دىۋانى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بايقارا»)[22]، «دىۋانى سەيىد ئەھمەد»، «دىۋانى شاھىي»، «دىۋانى شەيبانىي» قاتارلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن.[23]

ئەلىشىر نەۋائى 1490 ـــ 1498 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا چاغاتاي ـ تۈركىي تىلى بىلەن يېزىپ چىققان «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە 19 نەپەر شائىرنىڭ «شېئىرىي دىۋان» تۈزگەنلىكى ھەققىدە توختالغان. بۇ شائىرلار مىلادىيە 14 ـــ 15 ـ ئەسىردە ياشىغان كىشىلەردىن ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇئەللىپ دۆلەتشاھ سەمەرقەندىي 1486 ـ يىلى پارسىي تىلى بىلەن يېزىپ چىققان «تەزكىرەئى شۇئەرا» ناملىق ئەسىرىدە 10 نەپەر ئەتراپىدىكى شائىرنىڭ «شېئىرىي دىۋان» تۈزگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بۇ ئىككى پارچە ئەسەردىكى ئۇچۇرغا قارىغاندا، بەزى شائىرلار چاغاتاي تىلى بىلەن، بەزىلەر پارسىي تىل بىلەن «شېئىرىي دىۋان» تۈزگەن.

ئابدۇرېھىم ھاپىز خارەزمىينىڭ شېئىرىي دىۋانى،[24] بۇ دىۋان كېيىنچە «دىۋانى ھافىز» ياكى «دىۋانى ھافىز تۈركىي» دېگەن نام بىلەن ئىلىم دۇنياسىغا تونۇلغان. بۇ دىۋانغا 1112 پارچە لىرىك شېئىر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 1046 پارچە چاغاتاي تىلىدىكى غەزەل، 31 پارچە قىتئە، 12 پارچە رۇبائىي، 9 پارچە قەسىدە، 3 پارچە تەرجىبەند، 2 پارچە تەركىببەند، 2 پارچە مۇستەھزاد، 1 پارچە مۇخەممەس ۋە 6 پارچە پارسىي غەزەل بۇ دىۋاندىن ئورۇن ئالغان. بۇ دىۋان ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، لىرىك شېئىرىي ژانىرلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان «شېئىرىي دىۋان» ئەندىزىسىنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىسىنى ياراتقان[25]. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن 6 پارچە پارسىي غەزەل ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇلماستىن، بەلكى چاغاتاي تىلىدىكى غەزەللەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا تەرتىپلەنگەن. بۇمۇ ئابدۇرېھىم ھاپىزنىڭ لىرىك «شېئىرىي دىۋانى» دىكى بىر ئۆزگىچىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**7. نەۋائىينىڭ «خەزايىنۇل ـ مەئانىي» ناملىق ئەسىرى ۋە «شېئىرىي دىۋان» ئەندىزىسى**

نەۋائى (1441 ـــ 1501)نىڭ بىرنەچچە پارچە «شېئىرىي دىۋان»لىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى «خەزايىنۇل ـ مەئانى»، بۇ «چاھار دىۋان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ ئەسەرنى ئاپتور 1491 ـــ 1498 ـ يىللىرى ئارىسىدا چاغاتاي ـ تۈركىي تىلى بىلەن يېزىپ پۈتكۈزگەن.

يەنە بىرى «دىۋانى فانىي»، «فانىي» ئاپتورنىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدە قوللىنىدىغان تەخەللۇسى.

«خەزايىنۇل - مەئانى»بولسا: «غەرايىبۇس - سىغەر»(باللىق غەرايىباتلىرى)، «نەۋادىرۇش - شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، «بەدايىئۇل - ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، «فەۋايىدۇل - كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى)دىن ئىبارەت تۆت توپلامدىن تۈزۈلگەن[16].

«خەزايىنۇل - مەئانىي» ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ قېلىپلاشقان «شېئىرىي دىۋان»نىڭ ئۈلگىسى ئاتالسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇ «دىۋان» سۈپىتىدە ئاتالمىغان. كېيىنكىلەر ئۇنى «چاھار دىۋان» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن نەۋايىدىن كېيىنكى ياشىغان بارلىق ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شائىرلىرى ئۆزلۈكىدىن بىۋاستە نەۋايى يازغان «شېئىرىي دىۋان»نىڭ نەمۇنىسىگە ۋە ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىي توپلاملىرىنى «شېئىرىي دىۋان» دەپ ئاتىغان.

«خەزايىنۇل - مەئانىي» 45000 مىسرا ئەتراپىدىكى نەزمىي ئەسەردىن تۈزۈلگەن. بۇلار تۆت دىۋاننىڭ ھەربىرىدە 650 تىن جەمئىي 2600 غەزەل، 210 قىتئە، 133 رۇبائىي، 86 فەرد، 52 مۇئەمما، 13 تۇيۇق، 10 مۇخەممەس، 10 چىستان، 5 مۇسەددەس، 4 تەرجىئىبەند ، 4 مۇستەھزاد، 1 مۇسەممەن، 1 تەركىئىبەند، 1 قەسىدە، 1 مەسنەۋى، 1 ساقىينامىدىن ئىبارەت.

«دىۋانى فانىي» 1495 - 1500 - يىللىرى ئارىسىدا پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرىي توپلام. بۇ توپلامنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىلىرى كۆپ بولۇپ، ئەڭ تولۇق نۇسخىسى پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا[17]. «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ توپلام 1131 پارچە شېئىرىي ئەسەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزۈلگەن غەزەل 554 پارچە، مۇئەمما 373 پارچە، رۇبائىي 73 پارچە، قىتئە 72 پارچە، تارىخ 16 پارچە، لۇغز 9 پارچە، مۇسەددەس 1 پارچە، مەرسىيە 1 پارچە.

«تاجىكىستان ئەدەبىيات - سەنئەت قامۇسى»دا خاتىرىلىنىشىچە، «دىۋانى فانىي»نىڭ بىر نۇسخىسىدا غەزەل 485 پارچە، مۇئەمما 500 پارچە، رۇبائىي 68 پارچە، قىتئە 36 پارچە، تارىخ 16 پارچە، شېئىرىي تېپىشماق شەكىللىك ھەجۋىيە 6 پارچە، تەرجىئىبەند 1 پارچە، مۇسەممەن 1 پارچە قاتارلىقلار بار ئىكەن.

«دىۋانى فانىي» ئىچىدىكى تەتەببۇ (نەزىرە، تەقلىدىي شېئىر) ۋە باشقا لېرىك شېئىرلارنى ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىر خىلى، ئىرانىي - پارس تىلى ئارقىلىق ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يازغان ۋەكىللىك شائىرلار رۇداكىي، فىردەۋسىي، ئۆمەر ھەييام، نىزامى گەنجىۋىي، خاقانىي، ئەتتارىي، سەئىدىي، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىي، جالالىدىن رۇمىي، ھافىز شىرازىي، كەمال خوجاندىي ۋە ئابدۇراخمان جامىي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىنغان ھالدا پۈتكەن تەنەببۇ ۋە غەزەللەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر «دىۋان»دا «... غا» ياكى «... گە ئارمىغان» دېگەن شەكىلدە ئېلىنغان ھەمدە كۆپىنچىسى شۇنداق ھالدا بولغان. «تەقلىدىي شېئىر — مەرسىيە» ئىچىدە ھافىز شىرازىي (خوجا ھافىز شىرافىي، 1327 — 1390)غا تەنەببۇ قىلىنغان (بېغىشلانغان) غەزەل ھەممىدىن كۆپ بولغان. مەسىلەن، 554 پارچە غەزەلنىڭ ئىچىدىكى 237 پارچىسى ھافىز شىرازىيغا بېغىشلانغان، 52 پارچە غەزەل ئابدۇراخمان جامىيغا، 25 پارچىسى شەيخ سەئدىيگە، 4 پارچىسى كەمال خوجەندىيگە بېغىشلانغان.

بۇ نۇقتىدىن شۇنداق قاراشقا كېلىشكە بولىدۇكى، نەۋايى پارس تىلىدا يازغان شېئىر- غەزەل توپلىمى ئۆزى تەرىپىدىن «شېئىرىي دىۋان» ياكى «دىۋانى فانىي» دەپ ئاتالغان. جۈملىدىن، نەۋايى چاغاتاي -

تۈركىي تىلدا يازغان «مۇھاكەمەتۇل ـــ لۇغەتەيىن» (ئىككى خىل تىلنىڭ مۇھاكىمىسى)دە ئۆزىنىڭ پارس تىلىدا يازغان توپلىمىنىڭ ھافىز شىرازىينىڭ شېئىرىي دىۋانىغا تەقلىد قىلىپ يېزىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. نەۋايى بۇ ئەشقا قارىتا كىتابتا: «مەن ھافىز شىرازىينىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ 6000دىن ئارتۇق مىسرالىق غەزەل دىۋانىنى يازدىم » دېگەن.

يەنە بىر خىلى نەۋايى ھېچكىمگە تەقلىد قىلمىغان ئاساستا ئۆزى قەسىدە ۋە باشقا لىرىك شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى «دىۋانى فانىي»دا «ئەركىن» ياكى «ئىختىيارىي» ئىجادىيەت سۈپىتىدە نامايان بولغان. بۇ ئىككى خىل قەسىدە ۋە باشقا خىلدىكى لىرىك شېئىرلار «دىۋانى فانىي»دا ئارىلاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا نەۋايىنىڭ «دىۋانى فانىي» ناملىق ئەسىرى «خەزايىنۇل ـ مەئانىي»دىن قالسا ھەجمى بىرقەدەر چوڭ، ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىر ـ نەزمىلەر بىرقەدەر كۆپ، قۇرۇلما جەھەتتىن مۇكەممەل ۋە بىرقەدەر ئۆلچەملىك شېئىرىيەت توپلىمى ھېسابلىنىدۇ.

نەۋايى «خەزايىنۇل ـ مەئانى»، «دىۋانى فانىي» قاتارلىق ئىككى چوڭ ھەجىملىك دىۋانىنى تۈزۈشتىن بۇرۇن، 1465 ـــ 1466 ـ يىلى ئارىسىدا چاغاتاي تىلىدا دەسلەپكى قەدەمدە «ئىلىك دىۋان»نى، ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1468 ـــ 1476 ـ يىلى ئارىسىدا «بەدايىئۇل ـ بىدايە»نى، 1476 ـــ 1486 ـ يىلى ئارىسىدا «نەۋادىرۇن ـ نىھايە» قاتارلىق كىچىك دىۋانلارنى تۈزگەن.

**8. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە «شېئىرىي دىۋان» نامى بىلەن ئاتالغان ئەسەرلەر**

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى چاغاتاي تىل ـ يېزىقى ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىياتنىڭ كېيىنكى دەۋرىنى ئىككى كىچىك دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇلار:

1) ياركەنت خانلىقى مەزگىلىدىكى «شېئىرىي دىۋان»لار

ياركەنت (1514 ـــ 1680) خانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رايون خاراكتېرلىكى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيگەن، شىنجاڭ جېگراسى ئىچىنى تۇراقلىق ئۇل قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەر بىرقەدەر كۆپ بولغان بولسىمۇ، بىراق «شېئىرىي دىۋان» شەكلىگە كەلتۈرۈلگىنى كۆپ ئەمەس.

ئاساسلىق ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە:

«دىۋانى قېدىرىي»[8]، «دىۋانى نەفسە»[9]، «دىۋانى ئايازىي»، «دىۋانى ئابىد»[10] قاتارلىقلار. بۇ دەۋرگە مەنسۇپلىرىدىن پەقەت «دىۋانى ئايازىي»، «دىۋانى ئابىد» ناملىق ئىككى توپلاملا ساقلىنىپ قېلىنغان[11]. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ دىۋان تولۇقى بىلەن ساقلىنىپ قېلىنغانلىقتەك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق رايونىمىز ئىچىدە ئۆلچەملىك تۈزۈلگەن «شېئىرىي دىۋان»نىڭ ئۈلگىسى بولۇشى كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئاساسلاشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، شۇ دەۋردە يەنە سەئىدىي (سەئىدخان)، رەشىدىي (رەشىدخان، ئابدۇرېشىتخان) قاتارلىق شائىرلارنىڭمۇ شېئىرىي دىۋان تۈزگەنلىكى توغرىسىدا ئاغزاكى بايانلار بار[12] بولسىمۇ، ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە لىرىك شېئىرلىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا[13]، تولۇق نۇسخىدىكى دىۋانى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس.

2) 18 ـــ 19 ـ ئەسىرلەردىكى «شېئىرىي دىۋان» دەپ ئاتالغان ئەسەرلەر

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە دىۋان نامى بىلەن ئاتالغان لىرىك شېئىرىيەت ئالاھىدە تەرەققىي

قىلغان. بۇلارنىڭ قىسقىچە تىزىملىكى مۇنداق:

«دىۋانى زەلىلىي»، «دىۋانى گۇمنام»، «دىۋانى ئەرشىي»، «دىۋانى ئەرشى فارسىي»، «دىۋانى مەشھۇرىي»، «دىۋانى نەۋبەتىي»، «دىۋانى مەھزۇن»، «دىۋانى قەلەندەر»، «دىۋانى ھەيرەتىي»، «دىۋانى سادايى»، «دىۋانى سەبۇرىي»، «دىۋانى زۇھۇرىي»، «دىۋانى نىيازىي»، «دىۋانى قارىي»، «دىۋانى ئەلىي»، «دىۋانى ناقىس»، «دىۋانى موللا سەئدۇللا»، «دىۋانى مەۋلىۋى يۇسۇپ سەرىيامىي»، «دىۋانى شەۋقىي»، «دىۋانى خەستە»، «دىۋانى غەرىبىي»، «دىۋانى ھۇسەيىنخان»، «دىۋانى ئەرەبىي» (تەجەللىينىڭ دىۋانى)، «دىۋانى مەسنەۋىي» (موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئەسىرى، 1907)، «ئەرەبىي دىۋان» قاتارلىقلار.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە چاغاتاي تىلى بىلەن يېزىلغان ھەم ش ئۇ ئا ر دىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورگانلاردا «دىۋانى خۇجەستە»، «دىۋانى زەمچىي»، «دىۋان زەئىفۇ»، «دىۋان سالاھىي»، «دىۋان سوپى ئاللايار»، «دىۋان مەجزۇب»، «دىۋان ھۇزۇرىي» ناملىق توپلاملار ساقلىنىلغان.

**قوشۇمچە:**

«دىۋانى نىدايى»، بۇ كاشغەردە تۇغۇلۇپ، تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئابدۇللا نىدايى كاشغەرىي (1688 ــ 1760) نىڭ ئەسىرى.

«نىزارىي لىرىكىلىرى»، بۇ كاشغەرلىك شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىي (1776 ــ 1850)نىڭ ئەسىرى بولۇپ، بەزى مەنبەلەردە «مۇخەممەس نىزارىي» دېگەن نام بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ مۇخەممەس ژانىرىدا يېزىلغان نەزمىلەر بولۇپ، ئۇلار «خەزايىنۇل ـ مەئانى»دىكى دىۋانلاردىن تاللاپ ئېلىنغان غەزەللەرگە باغلانغان تەخمىسلەردىن ئىبارەت. جەمئىي 290 كۇبلېت، 1450 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە، يەنى «شېئىرىي دىۋان»نىڭ قائىدىسى بويىچە رەتلەنگەن.

«غەزەلىيات»، بۇ ئىلىدا ئۆتكەن شائىر موللا بىلال نازىمىي (1825 ــ 1900)نىڭ 1851 ـ يىلى تاماملىغان ئەسىرى بولۇپ، 2016 مىسرا ھەجىمدە، ئۇنىڭغا غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇستەھزادلار كىرگۈزۈلگەن. توپلام ئاساسىي جەھەتتىن «شېئىرىي دىۋان»نىڭ قائىدىسى بويىچە تۈزۈلگەن، بىراق بەزى ئەھۋالدا ئېلىپبە تەرتىپىگە رىئايە قىلىنماي قېلىنغان ئەھۋاللارمۇ ساقلىنىلغان. بۇ رەتلەش، كۆچۈرۈش جەريانىدا كۆرۈلگەن قىسمەن ئەھۋال بولۇشى كېرەك. ۋاھالەنكى، توپلام ئارۇز ۋەزنىدە تۈزۈلۈپ، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبە تەرتىپىدىكى ئا، ب ھەرپلىرىدىن باشلاپ تەرتىپلەشتۈرۈلگەن. تۆت خىل لىرىك شېئىرىي ژانىردىكى نەزمىلەر كىرگۈزۈلگەن.

«دىۋانى مەجلىسىي»، بۇ 16 ـ ئەسىردە ياشىغان، جۇملىدىن خارەزىملىك بولۇپ، كېيىنچە بۇخاراغا كۆچۈپ كەلگەن مەجلىسى تەخەللۇسلۇق شائىر مەۋلانا مەجلىسىينىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يازغان (مىلادىيە 1552 ــ 1553 ـ يىللىرى يېزىلغان) شېئىرىي داستانى بولۇپ، «ئەلفىللەيلى ۋەللەيلى» («مىڭبىر كېچە»)نىڭ ۋەقەلىكىدىن ئېلىنىپ، «قىسسەئى سەيفۇلمۇلۇك» (بەزى مەنبەلەردە «سەيفۇل ـ مەلىك ۋە بەدىئۇل ـ جەمال» دەپ ئېلىنغان) نامىدا ئېپىك شەكىلدە داستانلاشتۇرۇلۇپ چىقىلغان، شۇنداقلا نېمە سەۋەبتىندۇر بۇنىڭغا «دىۋانى مەجلىسىي» دېگەن ئىسىم قويۇلغان. بۇنى ئۆزگىچە بىر خىل ئەھۋال دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«دىۋانى خەراباتىي». «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» (59 ـ، 60 ـ بەتلەر) ناملىق كىتابتا بۇ نام بىلەن ئاتالغان ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ قول يازمىسى تونۇشتۇرۇلغان ھەم ئۇنىڭ ئاپتورى خەراباتىي ئىكەنلىكى، تىلىنىڭ چاغاتايچە ئىكەنلىكى، تەسەۋۋۇپچىلىق مەزمۇن قىلىنغان ئەسەر ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، بۇ مۇھەممەت بىنىنى ئابدۇللا خاراباتىينىڭ ئەسىرى

بولۇشى كېرەك. مەلۇمكى، ئابدۇللا خاراباتىينىڭ بىر ئەسىرى «مەسنەۋىي خەراباتىي»، ئۇ ئادەتتە «مەسنەۋى»لەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «شېئىرىي دىۋان»نىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئەمەس، بەلكى بىر خىل «ئەركىن نەزمىي شەكىل»دە تەرتىپلەشتۈرۈلگەن. مۇبادا «دىۋان خەراباتىي» بىلەن «مەسنەۋىي خاراباتىي» بىر ئەسەر بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا خاراباتىينىڭ شاگىرتلىرى ياكى كېيىنكى ئىخلاسمەنلىرى كىتابنى كۆچۈرۈپ كىتابەت قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىنى «شېئىرىي دىۋان»نىڭ نامىغا ماسلاشتۇرۇپ قويغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن دەپ تونۇشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 18 ـ ئەسىردە شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلار ئىچىدە ياركەنت(يەكەن) لىك فۇتۇھىي (خوجا سىدىق فۇتۇھىي)[14]، موللا مۆمىنلەر[15]مۇ لىرىك شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، بۇ شېئىرلارنىڭ ئۇسلۇبى «شىئېرىي دىۋان»نىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، بىراق، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن شىئېرىي پارچىلار پارچە ھالەتتە بولغىنى ئۈچۈن، ھازىرچە ئۇلارنى «شېئىرىي دىۋان»لارنىڭ قائىدىسى بويىچە مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىنچىلىكى تۆۋەن. يەنە 19 ـ ئەسىردە ئىلىدا ياشىغان موللا نىزامىدىن ئاخۇنۇم (1850 ــ 1902) نىڭ «ھېكمەتى نىزامىدىن» ناملىق توپلىمىغا 1200دىن ئارتۇق غەزەلى كىرگۈزۈلگەن. بۇمۇ «دىۋان»نىڭ ئۆزگىچە ئۇلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ[16]. يەنە خوتەنلىك شائىر سېلىم ئەلەممۇ دىۋان تۈزگەن (1889 ــ 1961)[17]. ئاقتۇلۇق شائىر ئابدۇللا ساۋۇت 2000 ـ يىللاردا نەۋايىنىڭ «خەزايىنۇل ـ مەئانىي» ناملىق ئەسىرىدىكى 60 پارچە غەزىلىگە تەخمىس باغلاپ مۇخەممەس يازغان.

چاغاتاي ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ 18 ــ 19 ـ ئەسىر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا مەيدانغا كەلگەن دىۋانچىلىق ھادىسىسىدە يەنە «دىۋانى فۇزۇلىي»[18]، «دىۋانى مەشرەپ»[19]، «دىۋانى ھۇۋەيدا»[20]، «دىۋانى بىنىشان»[21]، «دىۋانى ئۇۋەيسىي»[22] قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ نامىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «شېئىرىي دىۋان» نىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە مۇنداق بىر ئالاھىدە ئەھۋال بار. يەنى، 19 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭ جەمئىيىتىدە بىرقانچە «باياز»لار تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارغا «شېئىرىي دىۋان»ى بار شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقا، كۆنىمىزدە «شېئىرىي دىۋان» مەلۇم بولمىغان بىرمۇنچە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. «باياز»نىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپ ۋە تاللانغان شېئىرلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسلانغاندا، «شېئىرىي دىۋان»لىرى مەلۇم بولمىغان ئاشۇ بىر تۈركۈم شائىرلارنىڭمۇ «شېئىرىي دىۋان»لىرىنىڭ بولغانلىقى ئىلمىي پەرەزگە مۇخالىپ ئەمەس. مۇنداق «باياز»لاردىن بىر قەدەر داڭلىق بولغىنى ھىجرىيە 1220 ـ (مىلادىيە 1813 ــ 1814 ـ ) يىلى قومۇل ۋاڭىنىڭ تامغىسى بېسىلغان «باياز» بولۇپ، ئۇنىڭدا 33 نەپەر شائىرنىڭ ئىسمى ئېنىقلانغان. بۇلار: سەلاھىي، شەمسىي، شەۋقىي، ئەبدۇۋاھاب بەگ، نەۋايى، لۇتفىي، ھۇۋەيدا، سوپى ئاللايار، مەشرەپ، ھافىز شىرازىي، نەۋبەتىي، ۋەجدىي، ئەرشىي، فۇتۇھىي، مەھمۇدىي، ئايازىي، رەشىدىي، گۇدازىي، قۇل سۇلايمان، ۋەفايى، رىزائىي، مەشھۇرىي، فىراقىي، قەرارىي، ھۇزۇرىي، غەيرەتىي، ئابىد، زوھۇرىي، مەزھەرىي، ئەمىنى، باقىي، ئابدۇراھمانىي، نىيازىي قاتارلىقلار[23]. بۇنىڭ ئىچىدە شەمشىي، شەۋقىي، ئابدۇۋاھاپ بەگ، ۋەجدىي، مەھمۇدىي، گۇدازىي، قۇل سۇلايمان، ئابىد، رىزائىي، فىراقىي، قەرارىي، ھۇزۇرىي، غەيرەتىي، مەزھەرىي، ئەمىنىي، باقىي، ئابدۇراھمانىي قاتارلىقلار ھەققىدە ئىلگىرىكى يىللاردا، بولۇپمۇ 1950 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ئوچۇقراق ئۇچۇر يوق ئىدى. قالغان شائىرلار ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ياكى چاغاتاي تىللىق شائىرلار ۋە پارس تىللىق شائىرلاردىن ئىبارەت[24]. بۇلار ھەققىدىمۇ ئايرىم ھەم مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى

بار، ئەلۋەتتە.

**10. ئۇيغۇر «شېئىرىي دىۋان»لىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى**

گەرچە «دىۋان» (Diwan) دېگەن بۇ سۆز بىلەن «شېئىرىي دىۋان» ھادىسىسى باشقا مىللەت مەدەنىيىتىدىن كەلگەن بولسىمۇ، بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى مىڭ يىللىق تارىخىي ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان ھەم خاس ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن. يەنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، ۋارىسلىق قىلىنىشى خاسلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئەدەبىياتنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىغان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىرقانچە «شېئىرىي دىۋان»لارغا قارايدىغان بولساق، «قېلىپلاشقان شېئىرىي دىۋان»لارغا ئاساسەن لىرىكىلىق شېئىرلار جەمئىي قىلىنغان. ۋاھالەنكى، بەزى توپلاملارغا بولسا ئېپىكلىق شېئىرلارمۇ قىستۇرۇلغان. مەسىلەن، «دىۋانى زەلىلىي»گە «چىلتەن تەزكىرىسى»، «خوجە مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار تەزكىرىسى»، «سەپەرنامە» قاتارلىق ئۈچ پارچە شېئىرىي داستان قوشۇپ قويۇلغان[15]، «دىۋانى نىيازىي»غا «تائاملار مۇنازىرىسى» ۋە «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق ئىككى شېئىرىي داستان قوشۇپ قويۇلغان[16]، «دىۋانى قەلەندەر»دە «خوتەن قەسىدىسى» مەزمۇنىدىكى بىر شېئىرىي داستان بار[17]، «دىۋانى مەھزۇن» دا بولسا «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» (قوغۇننامە) دېگەن بىر داستان بار[18]. شۇنى ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، قېلىپلاشقان «شېئىرىي دىۋان»لارنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىگە قارىغاندا، بۇ تۆت پارچە دىۋانغا شېئىرىي داستانلارنىڭ كىرىپ قېلىشى بىر خىل تاسادىپىيلىق بولۇپ، بۇ خىل تاسادىپىيلىقنى بىرى، دىۋان ئاپتورلىرى توپلام تۈزگەندە ئۆزى يازغان لىرىك شېئىرلارمۇ، شېئىرىي داستانلارمۇ بىر توپلام بولۇپ قالسۇن دېگەن مەقسەتنى چىقىش قىلغان بولۇشى، يەنە بىرى، باشقىلار ئۇشبۇ توپلامنى تەييارلىغاندا، شۇنداق بىر مەقسەتنى نىشان قىلغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. شۇڭا، بۇ خىل قىسمەنلىكنى «شېئىرىي دىۋان» تەتقىقاتىنىڭ خاس خۇسۇسىيىتىگە كىرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنى تەكىتلەشكە بولىدۇكى، «قېلىپلاشقان شېئىرىي دىۋان»لار پۈتۈنلەي لىرىك شېئىرلاردىن جەمئىي قىلىنغان. لىرىكىلىق شېئىرلار بولسا ئېپىك شېئىرلار بىلەن ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۇقۇم دېيىشكە بولىدۇ. يەنى، ئۇ ئومۇمىيلىق جەھەتتە، ھەجمى كىچىك (چاققان، ۋەقەسىزلەشتۈرۈلگەن، شېئىرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل شېئىرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى بىر قىسىم مىللەتلەر، مەسىلەن، ئىرانىي ـ پارس، تاجىك، ئەزەربەيجان، تۈركمەن، ئۆزبېك قاتارلىقلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك شېئىرلار ھەرقايسى باسقۇچلاردا ئۇنىڭ تاكامۇللىشىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈلگەن «شېئىرىي دىۋان»لارنىڭ بىرقانچە ئالاھىدىلىكى بولۇپ كونكرېت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

«شېئىرىي دىۋان»دىكى شېئىرلارنىڭ شەكلىنى ئېلىپ ئېيتساق، يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، دىۋانلار ئارۇز ۋەزنىلىك «لىرىكىلىق شېئىرلار»نى ئاساس قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈلگەن دىۋانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ شېئىرىي ژانىر قوللانغىنى نەۋايى ھەزرەتلىرىدۇر. ئۇنىڭ قوللانغان شېئىرىي شەكىللىرى، «خەزايىنۇل ـ مەئانى»دا 16 خىل ژانىر، «دىۋانى فانىي»دا 8 خىل ژانىر، تەكرارلانغان 5 خىل ژانىرنى چىقىرىۋەتكەندە ئىككى دىۋاندا جەمئىي 19 خىل ژانىر ئىشلىتىلگەن

بولۇپ، باشقا تۆردىكى ئەسەرلىرىگە قىستۇرما قىلىپ يەنە بىرقانچە لىرىك شېئىرىي ژانىرنى ئىشلەتكەن. ئىككىنچى ئورۇندا تۆرىدىغىنى بولسا گۇمنام، ئۇ 8 خىل لىرىك شېئىرىي ژانىرنى قوللانغان[4]. ئېپىك شېئىرىي ژانىردىن بىرنى قوللانغان، ئەمما بۇ ئايرىم ئەسەر (يەنى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام») ھېساپلانغان ھەم «شېئىرىي دىۋان»غا كىرگۈزۈلمىگەن. ئۇنىڭدىن قالسا زەلىلىي بولۇپ، ئۇ 6 خىل ژانىرنى تەتبىقلىغان. ۋاھالەنكى، زەلىلىينىڭ دىۋانىدىكى پاساھەت ۋە بالاغەت نەۋايىغا يېقىنلىشىپ قالغان. بىرخىللا ژانىر بىلەن دىۋان تۈزگەن كىشى ئابدۇرېھىم نىزارىي بولۇپ، ئۇ مۇخەممەس ژانىرىنى قوللانغان ھەم بۇ خىل ژانىرنى نەۋايىنىڭ غەزەللىرىگە باغلانغان تەخمىسلەر بىلەن تامام قىلغان.

«شېئىرىي دىۋان»لاردا ئارۇز ۋەزنىنىڭ كۆپ خىل بەھرى ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ئابدۇرېھىم ھاپىز، ئەلىشىر نەۋايىلار 9 خىل بەھر، زەلىلىي 10 خىل بەھرنى قوللانغان. ئەمدى ئابدۇرېھىم ھاپىز 9 خىل بەھرنىڭ 56 خىل ۋەزنىنى، زەلىلىي بولسا 59 خىل ۋەزنىنى تەتبىقلىغان[5].

« شېئىرىي دىۋان»دىكى شېئىرىي مىسرالار بولسا چاغاتاي ئالفاۋىت تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن، ئەمدى بۇلار بولسا دىۋاننىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلانغان. يەنى، دىۋاندىكى شېئىرىي ئەسەرلەر ئەرەب يېزىقى ياكى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن چاغاتاي يېزىقىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، دىۋاندىكى شېئىرلار ئالدى بىلەن ئەرەب ھەرپىنىڭ تەرتىپى بويىچە قاپىيە ياكى رادىفقا ئاساسلىنىپ يېزىلغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئېلىپبە جەدۋىلىدىكى بىرىنچى ھەرپ «A»(ا)، ئاخىرقى ھەرپ بولسا «Y» (ي) بولۇپ، شېئىرىي دىۋان ئۈچۈن جەمئىي 30 ھەرپ تەتبىقلانغان. شۇڭا، «شېئىرىي دىۋان» دىكى شېئىرلارنىڭ بىرىنچى مىسراسى ياكى بىرىنچى تۆركۈمدىكى شېئىرلارنىڭ قاپىيەسىمۇ «A»(ا) ھەرپى بىلەن ئاياغلاشقان. مۇبادا شائىرنىڭ قەلىمى ئۆتكۈر، روھىي دۇنياسى مول، تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك، ھېسسىياتى جۇشقۇن، ماھارىتى ئۈستۈن بولغان بولسا، ئۇنداقتا مۇنداق شائىر قاپىيەدە «A»(ا) ھەرپىنى ئىشلىتىدىغان لىرىك شېئىرلار كۆپرەك بولغان بولىدۇ ھەمدە قاپىيەدە باشقا ھەرپلەرنى ئىشلىتىشمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە مۇنداق شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ «شېئىرىي دىۋان» بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، مەنىۋى بالاغىتى يۇقىرى بولغان بولىدۇ، بۇ بىر ئەمەلىي ئەھۋال. بەزى شائىرلار تۈزگەن «شېئىرىي دىۋان»لارنىڭ ھەجمى چوڭراق بولۇشى ھەمدە بەزى شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىنىڭ ھەجمىنىڭ كىچىكرەك بولۇشى مۇشۇ پاكىتنى ئىسپاتلاپ بېرىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ قالغان.

«شېئىرىي دىۋان» تۈزۈلگەندە، بىرقەدەر ئالاھىدە ئەھۋال قاپىيەگە ھەرپ تاللاشتىن ئىبارەت. بەزى شائىرلار ئەسەرلىرىدە پ (P) ، چ (Q) ، د (D)، ج (J) ، ل (L) ھەرپلىرىنى ئىشلەتمىگەن. ئەمدى ھەرپلەر تىزىملىكىدىكى 28 ھەرپنى تاللاپ گۈزەل پاساھەتلىك غەزەللەرنى يازغان شائىرلار بولسا كۆپرەك سانىنى ئىگىلىگەن. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ئۇلۇغ شائىر نەۋايى 30 ھەرپنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ شېئىر يازغان. س (S) ، ت (T) قاتارلىق ھەرپلەر قاپىيە كەلگەن شېئىرلارنى يېزىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆپچىلىك شائىرلار بۇ ھەرپلەر بىلەن ئاخىرلاشقان قاپىيەلىك شېئىرلارنى يازمىغان.

«چاغاتاي ئەدەبىياتى»غا مەنسۇپ دىۋانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە چاغاتاي تىل - يېزىقى (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى) قوللىنىلغان. پەقەت بىرقانچە ئەسەرلەردىلا باشقا تىل - يېزىق قوللىنىلغان. مەسىلەن، ئابدۇرېھىم ھاپىز دىۋانىنىڭ كۆپ قىسىم نەزمىلىرىنى چاغاتاي تىلىدا، بىر قىسمىنى پارس تىلىدا يازغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ مۇئەللىپ قەلىمىگە مەنسۇپ ئىككى خىل تىلدىكى نەزمىلەرنىڭ قاپىيەسى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىن «چاغاتاي ئەدەبىياتى» مۇنبىرىدە يېگانىلىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئەلىشىر نەۋايى پارس تىلى بىلەن «دىۋانى فانىي» نامىدا ئايرىم دىۋان تۈزگەن. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇچۇرىغا قارىغاندا، شائىر ئەرشىينىڭ پارس تىلى بىلەن يېزىلغان «دىۋانى ئەرشىئى فارسىي» ناملىق ئايرىم خاس دىۋانى بولغان[*]. يەنە بەزى شائىرلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى دىۋانلىرىنى بەلگىلىك ئۆلچەمدە تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، شۇ دىۋانىنىڭ ئاخىرىغا (ياكى ئارىسىغا) پارس تىلىدىكى لىرىك شېئىرلىرىنى قوشۇمچە قىلىپ قويغان. زەلىلىي[*]، گۇمنام، ئەرشىي، ھۇزۇرىي[*] قاتارلىقلار ئىجادىيىتىدە چاغاتاي تىلى ۋە پارس تىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىل - يېزىق قوللانغان. يەنى، ئۇلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى دىۋانلىرىنى بەلگىلىك ئۆلچەمدە تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، شۇ دىۋانىنىڭ ئاخىرىغا (ياكى ئارىسىغا) پارس تىلىدىكى لىرىك شېئىرلىرىنى قوشۇمچە قىلىپ قويغان. ئۇنىڭدىن سىرت، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئىبراھىم ئەل فارابىي بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي تۈزگەن ھەم «دىۋان» دەپ ئاتالغان لۇغەتلەردىمۇ ئەرەب تىلى قوللىنىلغان. قاغىلىقتا ياشىغان شائىر ھۇسەيىنخان تەجەللىي (1856 ــ 1925) 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «دىۋانى ئەرەب» ناملىق دىۋان تۈزگەن[*]. ئۇنىڭ يەنە «دىۋانى ھۇسەيىنخان» ناملىق توپلىمى ئەرەبچە يېزىلغان بولۇپ، 69 بەت ھەجىمدە[*]. ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ، كاشغەر شەھىرىدىكى مەدرىسەلەردە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلىم تەھسىل قىلغان سالىھ داموللام (1895 ــ 1957) 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ــ 40 ـ يىللىرىدا تاماملىغان «ئەرەبى دىۋان»نى پۈتۈنلەي ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىققان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى دىۋانلارغا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلار، بولۇپمۇ غەزەل قاتارلىقلار «12 مۇقام» ئاھاڭلىرىغا بەستىلەنگەن. 1997 ـ يىلى تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق كىتابقا 44 نەپەر شائىرنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئىگىلىرى 14 ـ ئەسىردىن تاكى 20 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان. بۇ شائىرلار تۆۋەندىكىچە: ئابىدىي، ئاتايى، ئايازىي، بابۇر، بىلال نازىم، ئەرشىي، فىراقىي، فۇتۇھىي، فۇزۇلىي، گەدايى، غەرىبىي، گۇمنام، ھافىز خارەزمىي، ھافىز شىرازىي، ھۇسەينىي، ھۇۋەيدا، لۇتفىي، مەھزۇن، مەشھۇرىي، مەشرەپ، مەزھەرىي مىسكىن، ناقىس، نەفىسىي، نەسىمىي، نەۋايى، نەۋبەتىي، نىيازىي، نىزارىي، قەلەندەر، رەشىدىي، رىزائىي، سادىقىي، سالىھىي، سەبۇرىي، سەئىدىي، سەككاكىي، سەيفىي سەرايى، سەييادىي، ۋەفائىي، زەلىلىي، زىيايى، زۇھۇرىي، زۇمۇررەد قاتارلىقلار[*]. بۇلاردىن فىراقىي، مىسكىن، نەسىمىي، رەشىدىي، رىزائىي، زۇمۇررەد قاتارلىقلارنىڭ خاس شېئىرىي دىۋانلىرى توغرۇلۇق ئۇچۇر بولمىغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ شېئىرىي دىۋانلىرى بولغان. ھازىرچە مەلۇم بولمىغانلىرىنىڭمۇ شېئىرىي دىۋانلىرى بار بولغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق بەزىلىرى تېخى ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان، بەزىلىرى يوقىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىمىز. مەيلى نېمىلا دېيىلسۇن، «شېئىرىي دىۋان»لاردىكى شېئىرلار پاساھەت ۋە بالاغەتكە تويۇنغان بولغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ گۈلتاجى بولغان «12 مۇقام» سىڭىنىپ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ئوقۇلۇپ تۇرۇلغان.

تۈركىي تىللىق مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىچىدە «دىۋان» ئاتالمىسىنى دەسلەپ قوللانغان ئىبراھىم فارابىينى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغانلىقى ھېسابلىغاندا، بۇ كىشى ئاخىرقى «شېئىرىي دىۋان» تۈزگۈچى بولۇشى كېرەك دېگەن قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا ئاساس سېلىپ بەرگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەنە خوتەن قاراقاشلىق بىر شائىر چوڭ بىر «دىۋان» تۈزگەن ھەم قول يازما شەكلىدىكى ئىككى دەپتەرنى ئېلىپ كېلىپ، 1956 ـ يىلى قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش ئۈچۈن دۆلەت تەشكىللىگەن ھەم خوتەنگە بارغان ئىلمىي ھەيئەتنىڭ مەسئۇلى ئۇيغۇر سايرانىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇيغۇر سايرانى ئۇنى

ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ شائىر تېپىپچان ئېلىيوپقا تاپشۇرۇپ بەرگەن[11]. بۇنى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىۋاتقان ئابدۇرېشىت ئىسلامىي كۆرۈپ، پاساھەتلىك دىۋان ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن.

كېزى كەلگەندە «شېئىرىي دىۋان»نىڭ باش تەرىپى ياكى ئاخىرىدىكى ئايرىم پارچىلاردا شۇ دىۋان تۈزۈلگەن يىلنامە ئەبجەد بويىچە خاتىرىلىنىپ قويۇلغانلىرى كۆپ سانلىق ئىگىلىگەنلىكىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە «شېئىرىي دىۋان»لارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامى دېگۈدەك شائىرلارنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بىلەن باغلىنىپ كېلىش ئەنئەنىسى بولغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كۆپ قىسىم دىۋانلارنىڭ ئاپتورى بىر ئادەم بولغان. بەزى ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئايرىم دىۋانلارنى بىردىن ئارتۇق كىشىلەر ھەم بىرلىكتە تۈزگەن[12] بولۇشى مۇمكىن. بىرقانچە ئاپتورغا تەۋە دىۋانلاردىن تاللانغان لىرىك شېئىرلار توپلىمى « باياز»، يەنى «لىرىك شېئىرلاردىن تاللانما» دەپ ئاتالغان.

«شېئىرىي دىۋان»لارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شائىرلارنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بىلەن «دىۋان» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. مەسىلەن، «دىۋانى xxx » دېگەندەك. يەنى، «دىۋانى لۇتفىي»، «دىۋانى سەككاكىي» ۋە باشقىلار. ئەمدى ئاز بىر قىسىم دىۋانلار ئۆزگىچە نام بىلەنمۇ ئاتالغان، مەسىلەن، «دىۋانى ھېكمەت»[13]، «خەزايىنۇل ـ مەئانىي» ياكى «چاھار دىۋان»[14]، ««غەزەلىيات»، «دىۋانى ئەرەبىي» (تەجەللىي)، «دىۋانى مەسنەۋىي» (موللا مۇسا سايرامى)، «ئەرەبىي دىۋانى» (سالىھ داموللا) قاتارلىقلار. بەزى ئېپىك داستانلارمۇ «دىۋان» نامى بىلەن باغلىنىپ ئاتىلىپ قېلىنغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن، «دىۋانى مەجلىسىي» قاتارلىقلار.

«شېئىرىي دىۋان» مۇئەللىپلىرىنىڭ بەزىلىرى ئىككى خىل تەخەللۇس بىلەن ئىككى خىل دىۋان تۈزگەنلىرىمۇ بولغان. مەسىلەن، ھەزرىتى مىر ئەلىشىر «نەۋايى» تەخەللۇسىدا «خەزايىنۇل ـ مائانىي»نى، «فانىي» تەخەللۇسىدا «دىۋانى فانىي»نى تۈزگەن بولسا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كاشغەر شەھىرى قوغان يېزىسىنىڭ ھەزرەت كەنتىدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر ئىمىر ھۈسەيىن «سەدايى» تەخەللۇسى بىلەن «دىۋانى سەدايى»، «سەبۇرىي» تەخەللۇسى بىلەن «دىۋانى سەبۇرىي» ناملىق دىۋان تۈزۈپ چىققان[15]. ۋەھالەنكى، ھەزرىتى مىر ئەلىشىرنىڭ دىۋانىنىڭ بىرى چاغاتاي تىلىدا، يەنە بىرى پارس تىلىدا تەسنىف قىلىنغان بولسا، ئىمىر ھۈسەيىننىڭ دىۋانلىرى چاغاتاي تىلى بىلەن پۈتۈلگەن.

«شېئىرىي دىۋان» لىرىك شېئىرلاردىن تۈزۈلگەندىن باشقا، بۇ خىل شېئىرلار كۆپ بەندلىك شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن. ئادەتتە لىرىك شېئىرلارنى تۈرگە بۆلۈشتە ۋەزىن، مىسرا، بېيت، بەند (كۇبلېت) ۋە قاپىيەلەر مۇھىم ئۆلچەملەر بولۇپ، شېئىرلار بېيت ياكى بەندتىن تەركىب تاپقانلىقىغا قاراپ، بېيتلىك شېئىرلار ۋە بەندلىك شېئىرلار دەپ ئىككىگە ئايرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بېيتتىن تەركىبلەنگەن شېئىرلار ئەينى قاپىيەلىك ياكى ئايرىم قاپىيەلىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئەينى قاپىيەلىك شېئىرلار قەسىدە، غەزەل، مۇستەھزاد، ئايرىم قاپىيەلىك شېئىرلار مەسنەۋىي قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلغان. بەندتىن تەركىبلەنگەن شېئىرلار بولسا بىر بەندلىك ۋە كۆپ بەندلىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. بىر بەندلىكلەردىن رۇبائىي، تۇيۇق قاتارلىقلار بار بولغان. كۆپ بەندلىكلەردىن مۇسەممەت، تەرجىئات، ساقىينامە قاتارلىقلار بار بولغان.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، مۇسەممەت كىلاسسىك شېئىرىيەتتىكى 3 مىسرالىقتىن 10 مىسرالىقچە

بولغان كۆپ بەندلىك شېئىرلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، بۇلاردىن مۇسەللەس، مۇرەببەئ، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەببەئ، مۇسەممەن، مۇتەسسەئ، مۇئەششەر قاتارلىقلار خاس ژانىر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇلاردىن باشقا، يەنە غەزەلنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا يېزىلغان مۇسەممەتلەر بار بولغان بولۇپ، بۇلار غەزەلدىن راۋاجلاندۇرۇلغان شەكىللەر دېيىلگەن. مۇنداق شەكىللەردىن تەربىئ، تەخمىس، تەسدىس، تەسمىن، تەتسىئ، تەئشىر قاتارلىقلار، ئالاھىدە ژانىرلاردىن تەرجىئات (تەركىببەند، تەرجىئبەند)، فەرد، قىتئە، ساقىينامە، مۇئەمما، لۇغز، تۆتلۈك، ئازادە (بىر مىسرالىق) قاتارلىقلار بار بولغان[8].

«شېئىرىي دىۋان» تۈزۈشنىڭ ئۆلچىمى بۇ بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەر بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. يەنە بەزى شائىرلار تاللىغان ئوبرازلار ناھايىتىمۇ روشەن، لىرىكىلىقى كۈچلۈك، تىلى گۈزەل ھەم راۋان، قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان، قۇرۇلمىسى پۇختا، كامالەتكە يەتكەن ۋەزىنلىك بولۇپ، يەنە نۇرغۇنلىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، بالاغىتىنى ئاشۇرغان. قاپىيەگە نىسبەتەنمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇلغان. مەسىلەن، جۈپ قاپىيە، ئالليتراتسىيەلىك قاپىيە، ئالماش قاپىيە، تۇق قاپىيە، ئاچ قاپىيە، قاپىيەسىزلىك (بۇ قىسمەن ئەھۋال) قاتارلىق قاپىيە شەكىللىرى بار بولۇپ، بۇلار شېئىرنىڭ جەلپكارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. شۇنداقلا، مول بولغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغان.

« شېئىرىي دىۋان»دا يازغۇچىلار كۆپ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، شېئىرىي تۇپلاملاردىكى ھەر خىل شېئىرىي ئۇسلۇبلارنىڭ ئىستىلىستىكىلىق، يەنى بالاغەت ۋە پاساھەت جەھەتتىكى ئۈنۈمدارلىقىنى ھەم ئېستېتىكىلىق قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن[9].

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ساقلىنىپ قېلىنغان دىۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى قول يازما شەكلىدە كۆچۈرۈلۈپ تارقالغان.

**« شېئىرىي دىۋان»لارنىڭ ئېستېتىك غايىسى**

« شېئىرىي دىۋان»لاردا مول بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىدىيەلەر ئەكس ئەتكۈزۈلگەن.

ئىجتىمائىي تېمىلار بولسا، ئىلىم ـ مەرىپەت، پاراسەت، مېھنەت، ئىجاد ـ كەشپىيات، ھەق ـ ئادالەت، خەلقچىللىق ـ ئىنسانپەرۋەرلىك، يۇرت سۆيەرلىك ـ ۋەتەنپەرۋەرلىك، دوستلۇق ـ ۋاپادارلىق، خەير ـ ئېھسان، مۇرۇۋۋەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت ، ئۇدۇك ـ مۇھەببەت، ئەستىلىك ـ تەزكىرە، كەچمىش ـ ساياھەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى يورۇتۇشقا قارىتىلغان. ۋاھالەنكى، خېلى كۆپلىرى سەممىمىي ئۇدۇك ـ مۇھەببەتنى ئاساس تېما قىلغان. بولۇپمۇ ئۇلۇغ شائىرىمىز نەۋايى تۈزگەن «شېئىرىي دىۋان»لار مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىستىلىستىكىلىق يۈكسەكلىك، پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن بولسۇن، ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. ئۇنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تۆھپىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىلا ئەمەس، يەنە پۈتكۈل تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ۋە دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ[10].

«خەزايىنۇل ـ مەئانىي»دە مەزمۇنى مول، چىن مۇھەببەت مەدھىيەلەنگەن، ئۇنىڭدا ھەقىقىي دوستلۇق تەرىپلەنگەن، ئادالەت، ھەققانىيەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەننى سۆيۈش ئىدىيەسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. يەنە ئەزگۈچى ۋە مۇستەبىت كۈچلەرنى تەنقىدلىگەن، شەخسنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى بايان قىلىنغان ھەمدە تەبىئىي مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە توپلامدا نۇرغۇنلىغان چوڭ ئىجتىمائىي

مەسىلىلەرنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. جەمئىيەتتىكى بەزى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن شائىرمۇ بەزىدە ئامالسىزلىق ھېس قىلىدۇ، ھەتتا نۇرغۇنلىغان زىددىيەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، خان ـ پادىشاھلارنى تەنقىدلەش بىلەن بىللە ئۇلارنى ئادالەتنى ياقىلاش، خەلقنى قۇتقۇزۇشقا چاقىرىدۇ. ساختا ساخاۋەت قىلىۋاتقان ئىلاھىيەتچىلەرنى سۆكۈش بىلەن بىللە ئۆزى سوپىزم تەرغىباتلىرىغا ئىشىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، نەۋائىينىڭ پىكرىنىڭ ئۇلۇغ ھەم توغرىلىقى يەنىلا ئاساسلىق مەسىلە.

«خەزايىنۇل ـ مەئانىي»دا شائىر ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىدىيەلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئادالەت، دانالىق بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنى ساقلاش، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتكۈزۈپ، شۇ چاغ شارائىتىدا دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇلۇغ شائىر شېئىرلىرىنىڭ چەكسىز ھاياتىي كۈچىنى ئەكس ئەتكۈزگەن. ئومۇمەن نەۋائىينىڭ لىرىك شېئىرلىرى مەزمۇنى مول، شەكلى ھەرخىل، ئوبرازلىقلىقى كۈچلۈك، تىلى راۋان، مەيلى ئېستېتىك ئىدىيە ياكى بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن بولسۇن ئېستېتىكىلىق قىممەت ھامان بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. شۇنداق قىلىپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى شېئىرلارنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولۇپ قالغان.

«دىۋانى فانىي»دىكى كۆپ قىسىم شېئىرلار ھاپىز شىرازىيغا تەقلىد قىلىنغان، بىراق مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆلۈك ھالدا تەقلىد قىلىنماستىن، بەلكى يېڭىچە ئىدىيە ۋە شېئىرىي ئۇسلۇب قوللىنىلىپ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئوخشاشلا، شېئىرلاردا يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل مەسىلىلەر مەنبە قىلىنىپ، شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ـ پەلسەپۋى قاراش ۋە ئەخلاقىي تەربىيەۋى قاراشلىرى يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كىشىلەرنى توغرا يولغا مېڭىش، ئادالەتتە چىڭ تۇرۇش، ھەققانىيەتنى ياقىلاش، قائىدە ـ يوسۇنغا ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىرغان .

11. «شېئىرىي دىۋان»لارنىڭ تېماتىك مەزمۇنى

«دىۋانى فانىي»نىڭ ئاساسىي تېمىلىرىدىن بىرى ئۇدۇك ـ مۇھەببەت بولۇپ، شائىر ئۇدۇك ـ مۇھەببەت ۋە ساداقەت، دوستلۇق ۋە ساتقۇنلۇق، ھىجران ۋە جۇدالىق، ۋىجدان ۋە سەممىمىيەتكە تولغان تۇرمۇش كارتىنىسىنى جانلىق ھالدا سىزىپ بەرگەن، ساپ ئىنسانىي تۇيغۇلارنى مەدھىيەلەپ، تەركىدۇنيالىققا قارشى تۇرغان. بولۇپمۇ ئەينى دەۋردىكى ئېزىلگەن ئاياللارغا ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەن. «دىۋانى فانىي»دىكى مەدھىيە ۋە رۇبائىيلارنىڭمۇ مەزمۇنى ناھايىتى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولغان. ئۇلار ئاساسلىقى ئاپتورنىڭ ئەخلاق، ئادالەت ۋە مېھىر ـ شەپقەت قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان مەدھىيەسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، ئالدامچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، ھورۇنلۇق، ساختىپەزلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى قامچىلىغان. «دىۋانى فانىي»دا ھەتتا ئەينى دەۋردىكى ياۋۇز ھۆكۈمرانلارنى ئوتقا تەمسىل قىلىپ، بۇ ئوتنىڭ پۇقرالارنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ ئوتنى چوقۇم ئۆچۈرۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن[14].

زەلىلىي، گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشرەپ، قەلەندەر، تەجەللىي قاتارلىق شائىرلار تۈزگەن « شېئىرىي دىۋان» لاردا ئۇدۇك ـ مۇھەببەت ۋە يۇرتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن.

زەلىلىينىڭ «شېئىرىي دىۋان»ىغا كىرگۈزۈلگەن لىرىكىلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، قەلەم ماھارىتى نەپىس بولۇپ، قايناق ھېسسىياتنى يۇرتنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنىڭ گۈزەللىكىگە سىڭدۈرۈپ، چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلەپ، خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىغا بولغان

ھېسداشلىقىنى تەسۋىرلىگەن، ھۆكۈمرانلارغا يامانلىقتىن ۋاز كېچىپ، ياخشىلىققا يول تۇتۇشقا مۇراجىئەت قىلىپ، قويۇق ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ئىپادىلىگەن. زەلىلىي شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولسا رېئال تۇرمۇشتىكى ئوتتەك قىزغىنلىقنى سوپىلارنىڭ تەركىدۇنيالىقى بىلەن، ئۇدۇك ـ مۇھەببەتنى فېئودال تۈزۈم بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ باھالاپ، ياخشىنى كۆيلەپ، يامانغا لەنەت ئوقۇغان، ئالدىنقىسىنى مەدھىيەلەپ، كېيىنكىسىنى قاتتىق قامچىلىغان .

گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىي قاتارلىق ئۈچ نەپەر شائىر يازغان «كاشغەر»، «خوتەن »، «ياركەنت» (يەركەن) ناملىق رادىفلىق غەزەللەر بولسا ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى، شۇنداقلا 18 ـ ئەسىر شېئىرىيىتىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۆھەرلەر بولۇپ، قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە باھا بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان پايدىلىنىش قىممىتىنى ياراتقان®.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، « شېئىرىي دىۋان » ئېلىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مىڭ يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە باشلىنىش، شەكىللىنىش، گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئاجىزلىشىشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ ئەمەلىيەت جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ تارىخىي جەريانلاردا بىر قىسىم ئەدىبلەر ئالدى بىلەن سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار ئامىللىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئۇلارنى قوللىنىپ ئۆز ئىجادىيىتىگە كىرىشتى، مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ، شىنجاڭدا قەدىمدىن تارتىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ رايون ئەدەبىياتى قۇرۇش ساھەسىگە مەڭگۈ يىمىرىلمەس « شېئىرىي ئابىدە » تىكلەپ بەردى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر تۈركۈم شائىرلار بۇ مەدەنىيەت ھادىسىسىنى قوللىنىپ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە قوشنا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇردى، ئەدەبىي ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى نامايان قىلىپ، يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قارىشى، ئېستېتىك قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى، ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىكىنى، مەھەللىۋىلىكىنى ـ رايونلۇقىنى ۋە ئىلغارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇئەييەن تۆھپىلەرنى قوشتى. بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ئوخشاش ئىلىم ـ پەن خادىملىرى بۇ جەھەتتە تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئەستايىدىل ئانالىز قىلىپ، ئۇلاردىكى ئىلغارلىقلارنى قېزىپ چىقىرىپ، ساغلام مەزمۇنلارنى ئاشكارىلاپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ ئاكتىئال تەرەپلىرىگە ماسلاشتۇرۇشقا كۈچ قوشۇشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە. شۇ ئارقىلىق ئىلگىرىكى ئۇستازلارنىڭ جاپالىق ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇساپىسى ۋە خەيرلىك ئىشلىرىنى ئەسلەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە مۇھىم ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىلدۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «شېئىرىي دىۋان» تۈزۈش ھادىسىسى مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇ بارلىققا كېلىش، شەكىللىنىش، ئۈلگىلىشىش ـ قېلىپلىشىش، تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش ۋە ئاجىزلىشىشتىن ئىبارەت جەريانلارنى باشتىن كەچۈردى. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ ئەدىبلەر «دىۋانچىلىق ھادىسىسى» نى قوللاندى، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى، بولۇپمۇ نەۋايى «شېئىرىي دىۋان»لىرى ئارقىلىق بىر باسقۇچلۇق «يۈكسەك پەللە»گە ئۆرلىدى. 17 — 18 ـ ئەسىردە زەلىلىي، گۇمنامىلار «شېئىرىي دىۋان» تۈزۈشتە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، بىراق يەنىلا نەۋايى

ياراتقان يۈكسەك چوققىغا چىقالمىدى. نەۋايى ۋە زەلىلىي، گۇمنامىلاردىن كېيىن شىنجاڭدا نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر «شېئىرىي دىۋان» تۈزگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئەجداد قىلغان «شېئىرىي دىۋان»لار ھەجىم جەھەتتىن كىچىك، تەتبىقلانغان شېئىرىي ژانىرلار بىرقەدەر ئاز بولۇپ قالغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى گۈللەنگەن 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «شېئىرىي دىۋان» قىزغىنلىقى بارا ـ بارا تۆۋەنلەپ كەتتى. بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان «شېئىرىي دىۋان» تۈزۈش ئاخىرلىشىشقا يۈزلىنىپ قالدى.

**12. «شېئىرىي دىۋان» بىلەن بەزى توپلاملارنىڭ پەرقى**

«كۇللىيات»[*]، «باياز»، «كاچكۆل»، «شېئىرىي توپلام» قاتارلىقلار

چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «كۇللىيات» نامى بىلەن باغلانغان «كۇللىياتى نەۋايى»[*]، «كۇللىيات دىۋانى زەلىلىي»[*]، «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتىي»[*]، «نىزارىي كۇللىياتى»[*]، «كۇللىياتى خەستە»[*]، «كۇللىيات غەرىبىي»[*] قاتارلىق نام بىلەن باغلانغان ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەرلەر بار بولغان. بۇ خىل نام ئاستىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قارىغاندا، بۇ يەردىكى «كۇللىيات» بولسا «ئەسەرلەر توپلىمى» ياكى «ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي توپلىمى» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلاتقان. ئەمما، بۇ خىل توپلام ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ رەتلىنىشىدە بىرلىككە كەلگەن بىر ئورتاق قانۇنىيەت ھازىرلانمىغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، «كۇللىيات» بىلەن «شېئىرىي دىۋان»نىڭ ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق بولغان بولىدۇ.

«باياز» — دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىرقانچە «باياز»لارنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، بۇ خىل توپلامغا بىرقانچە شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ خىل شائىرلارنىڭ مىللەت تەركىبى، سانى ۋە ياشىغان ماكان ـ زامانى، ئېلىپبە تەرتىپى ھېسابلىنىشىپ ئولتۇرۇلمىغان. پەقەت تىل ـ يېزىقتىكى ۋە شېئىرىي ۋەزىن ھەم پىكىر ـ غايىدىكى ئورتاقلىق ئاساس قىلىنغان. يەنى، «غەزەل»نى ئاساس قىلغان ئارۇز ۋەزنىدىكى نەزمىي ئەسەرلەر تاللانغان.

«كاچكۆل» — بۇ ئىچىملىك سۇ كۆلچىكىگە قىش مەزگىلىدە مۇز توڭقاندا سۇ ئېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئويۇقچىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر كۆلچەك ئەتراپىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر سوغا ـ چېلەكنى ئورتاق سالىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭ نامىدىن ئېلىنىپ، سىمۋوللۇق مەنىدە بىر خىل «ئەدەبىي توپلام»نىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىر جايدىكى پىكىرداش ۋە مەسلەكداش شائىرلار، شېئىر ھەۋەسكارلىرى يازغان ھەم كۆڭلىگە ياققان شېئىرلىرىنى شۇ ساھەدە پېشۋا ھېسابلانغان بىراۋنىڭ ئارخىپخانىسىغا جەم قىلىپ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئۇلارنى تاللاپ توپلام قىلىپ چىقىلغان ۋە مۇنداق ئەسەرلەر «كاچكۆل»دەپ ئاتالغان[*]. بۇ خىل ئادەت خەلق ئارىسىدا خېلى ئومۇملاشقان بولسىمۇ، بىراق «كاچكۆل»دىن تەرەققىي قىلىپ، ئىشلىنىپ توپلام ھالىتىگە ئۆتكەن ئەسەرلەرنىڭ كېيىنكى ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغانلىرى ئېنىق ئەمەس.

«شېئىرىي توپلام» — بۇ بىر ئومۇمىي ئاتالغۇ بولۇپ، كۆنىمىزدە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى بىر قەدەر كەڭ بولماقتا. بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەت شائىرلىرىنىڭ شېئىرىي توپلاملىرى مەخسۇس نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنىپ، كەڭ تىراژدا بېسىلىپ تارقىتىلدى. مانا مۇشۇنداق توپلاملارنىڭ تۈزۈلۈشىگە قارىغاندا، بۇ خىل توپلاملاردا شېئىرلارنىڭ لىرىك تۈرىمۇ، ئېپىك تۈرىمۇ، يەنە لىرىك، ئېپىك تۈرلەرنىڭ ھەر خىل ژانىر ـ شەكىللىرى ئورۇن ئېلىۋەرگەن. بەزىلىرىدە بارماق ۋەزىن، ئارۇز ۋەزىن ۋە چاچما (ئەركىن) شېئىرلار

بولغان. شېئىرىي كۆبلېتلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئەركىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئالفاۋىت تەرتىپى بويىچە ماسلاشتۇرۇش ئالاھىدە ئويلىنىش ئىچىدە بولمىغان.

مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، «شېئىرىي دىۋان» بىلەن «كۇللىيات»، «باياز»، «كاچكۆل»، «شېئىرىي توپلام» قاتارلىقلار پەقەت شېئىرىي ئەسەر ياكى كەڭ مەنىدە «ئەدەبىي ئەسەر» بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىراق شەكىل تۈزۈلۈشى ياكى قۇرۇلمىسى جەھەتتە تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرۇلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئەدەبىيات ھادىسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، «شېئىرىي دىۋان» ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىيات سەھنىسىدە مەيدانغا كەلگەن بىر ئابىدە. ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن سەنئەتلىك قىممىتى تولىمۇ جەزبىدار بولۇپ، زامان - زامانلارغىچە ئۆزىنىڭ ئۆلگىلىك ئورنىنى ساقلايدۇ ھەم تەتقىقات قىممىتىنى يوقاتمايدۇ.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تولىمۇ تېز بولۇپ، بەزى تەرەپلەردە ئەنئەنىۋىلىكنىڭ تەسىر كۈچى بىر تەرەپلىمە ئاجىزلاپ، زامانىۋىلىقنىڭ ھاياتىي كۈچى تېز سۈرئەتتە ئۆلغىيىپ كېتىۋاتقانلىقى سەۋەبلىك، بەزى بىر قاتار كىلاسسىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرى قاتارىدا «شېئىرىي دىۋان» تۈزۈش ئەنئەنىسى ئاساسىي جەھەتتىن ياكى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ قويغان بولدى. بىراق، «شېئىرىي دىۋان»نى تەشكىل قىلىدىغان ھەرقايسى لىرىك شېئىرىي ژانىرلار يەككە - يەككە ھالەتتە بولسىمۇ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيەت ساھەسىدە يەنىلا ئۇنۇملۇك ھەم جانلىق ھەرىكەت قىلماقتا. بۇنىڭدىن بىز ئەلۋەتتە خۇشال بولماي تۇرالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە «خەزايىنۇل - مەئانىي»دىكى ھەرقايسى غەزەللەرگە تولۇقى بىلەن تەخمىسلەر باغلاپ مۇخەممەسلە توپلىمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، 2016 - يىلىغا ئۇلاشتۇرغان قەشقەرلىك داڭلىق شائىرىمىز ئابدۇلئەھە ئىسمائىل ئوغلانىدەك مەسئۇلىيەتچان ئەزىمەتلەرنىڭ ياشاپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن چوڭقۇر سۆيۈنمەي تۇرالمايمىز ھەم ئاپىرىنلىرىمىزنى ئىزھار قىلماي تۇرالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە «شېئىرىي دىۋان»چىلىقتىن ئىبارەت بۇ بىباھا مەدەنىيەت ھادىسىسىنى يارىتىپ بىزلەرگە قالدۇرغان ئەجدادلىرىمىزغا بولغان چوڭقۇر رەھمىتىمىزنى ئىپادىلەيمىز.

ئىزاھاتلار:

① ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد. چە فېرىن - نەرشەھى «بۇخارا تارىخى»، ئېركان تۆكسۇ تەييارلىغان، ئەنقەرە، 2013 - يىلى نەشرى , 2013年 ( EBU BAKR MUHAMMAD b.CA'FER en–NARŞAHI《TARIHI BUHARA》 , ERKAN GŎKSU , TÜRK TARIH KURUMU 巴托尔德(俄)《蒙古入侵时期的突厥斯坦》上,第265页,张锡彤、张广大译,上海古籍出版社 2007 : ANKARA

② ئابدۇغېنى مۇھەممەت «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ‹دىۋانچىلىق›ھادىسىسى»، ئۇرۇمچى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 2011 - يىللىق 2 - سان؛ ئابدۇغېنى مۇھەممەت: «18 — 19 - ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە دىۋانچىلىق»، 14 - بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دېسسېرتاتسىيەسى، 2011 - يىلى 5 - ئاي.

③ «ئۆزبېكىستان مىللىي ئىنسىكلوپېدىيەسى» 3 - توم «دىۋان» ماددىسى، تاشكەنت: ئۆزبېكىستان مىللىي ئىنسىكلوپېدىيە دۆلەتلىك ئىلمىي نەشرىياتى، 2002 - يىلى ئۆزبېكچە نەشرى.

④ «‹بەدايىئۇل - بىدايە، نىڭ دىباچەسى»، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان، «ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرى»، تۈزگۈچى مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى، 58 - بەت.

⑤ ئەلشىر نەۋايى «‹بەدايىئۇل - بىدايە، نىڭ دىباچەسى»دە «تەڭداشسىز فەردلەرنىڭ ھەممىسى شېرىن ۋە راۋانلىقتا يېگانىدۇر» دەپ يازغان.

⑥ بەند — شېئىردا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ مىسرادىن تەركىب تاپقان، قاپىيە ۋە مەزمۇن جەھەتتىن پۈتۈنلۈكى جەھەتتىن ئۆز-ئارا باغلىنىدىغان بىرلىك.

⑦ ئەلشىر نەۋايىنىڭ «فەۋايىدۇل - كىبەر» دىۋانىغا بىر ساقىينامە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ 32 بەندتىن تەركىب تاپقان.

⑧ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قارالسۇن: ئەخمەت كاپاكلى «دىۋان ئەدەبىياتى»، ئىستانبۇل: ۋەخپى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى؛ ئىسكەندەر پالا «دىۋان ئەدەبىياتى»، ئىستانبۇل: كاپى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى؛ م. فۇئات كۆپرۈلۈ «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى»، ئەنقەرە: ئاقغاچ نەشرىياتى 2009 ـ يىلى نەشرى؛ چىم دىلچىن «تۈرك شېئىر بىلگىسى»، ئەنقەرە: تۈرك تىل قورۇمى، 2009 ـ يىلى نەشرى؛ «ئېسكى تۈرك ئەدەبىياتىغا كىرىش»، ئەخمەت مەرمەر قاتارلىقلار، ئەنقەرە: ئاقچاغ نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى؛ مۇخۇگىيەن «پارس كىلاسسىك شېئىرىيىتى تەتقىقاتى» (波斯古典诗歌研究)، بېيجىڭ: كۇئېنلۇن نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ ئىسكەندەر پالا «ئېنسىكلوپېدىك دىۋان شېئىر سۆزلۈكى»، ئىستانبۇل: كاپى (Kapi )نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى؛ خالۇك ئىپېكتېن «ئەسكى تۈرك ئەدەبىياتىدا نەزىم شەكىللىرى ۋە ئارۇز»، ئىستانبۇل: دەرگاھ نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى نەشرى.

⑨ مۇھەممەد سالىھ «تۈركىي تىللار دىۋانى،نىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان، 63 ـ بەت.

⑩ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ئىبراھىم مۇتىئىي، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىقلارنىڭ تەييارلىشى بىلەن دەسلەپ ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 ـ، 1983 ـ ۋە 1984 ـ يىللىرى ئۈچ توم بولۇپ نەشرقىلىندى.

⑪ئەھمەد يەسەۋىي «دىۋانى ھېكمەت»، نىجاد مۇخلىس تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 14 ـ سان، 1984 ـ يىلى؛ خوجا ئەخمەد يەسەۋىي «دىۋانى ھېكمەت»، ھاياتى بىچە تەييارلىغان، ئەنقەرە: تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى، ئەھمەد يەسەۋىي «دىۋانى ھېكمەت»، ئابدۇرېشىت جەلىل قارلۇق تەييارلىغان، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى؛ ئامىنە مەتتۇرسۇن: «‹دىۋانى ھېكمەت› تىكى شېئىرىي شەكىللەر ۋە شېئىرىي سەنئەتلەر»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2017 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

⑫ ئابدۇرېھىم ھاپىز خارەزمىينىڭ «دىۋان»ىنىڭ خاس نامى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭ ئىچىدىكى شېئىرلارنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، «دىۋانى ھاپىز» ياكى «دىۋانى ھاپىز تۈركىي» دېگەن شەرتلىك نام بىلەن ئاتىلىپ تۇرۇلغان.

⑬ ئابدۇرېھىم ھاپىز: «ھاپىز خارەزمىي دىۋانىدىن»، توختىنىياز قۇربان، ئابدۇللا مەھەممەتئىمىن تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژورنىلى 1988 ـ يىلى 2 ـ سان، 135 ـ بەتلەر؛ «ھاپىز خارەزمىي ۋە ئۇنىڭ دىۋانى»، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت تەييارلىغان، «تارىم» ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 3 ـ سان، 127 ـ بەت، ئۈرۈمچى؛ ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ «ئابدۇرېھىم ھافىز خارەزمىي شېئىرلىرىدا ئارۇز ۋەزنى»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2016 ـ يىللىق 6 ـ سان.

⑭ «دىۋانى ئەمىرىي»، بۇ 14 ــ 15 ـ ئەسىردە ياشىغان يۇسۇپ ئەمىرىينىڭ دىۋانى بولۇپ، كازىم كۆكتېكىن تەييارلىغان ئىلمىي نۇسخىسى 2007 ـ يىلى تۈركىيە ئەرزۇرۇمدا نەشر قىلىنغان. «بۇلاق» (ئۈرۈمچى) ژۇرنىلى 2014 ـ يىلى؛ 1 ـ سان، 6 ـ بەت؛ ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ «كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ‹ئەمىرى› تەخەللۇسلۇق ئىككى شائىر ھەققىدە مۇلاھىزە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2014 ـ يىللىق 6 ـ سان، 46 ـ بەتلەر، ئۈرۈمچى. ئوتتۇرا ئاسىيا چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە «دىۋانى ئەمىرىي» نامىدا يەنە باشقا دىۋانلارمۇ بولغان. مەسىلەن، 1957 ـ يىلى بېسىلغان «ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى قول يازمىلىرى كاتالوگى» 1 ـ «ئەدەبىي، ئىجادىي ئەسەرلەر» دېگەن مۇندەرىجە ئاستىدا 22 ـ رەت تەرتىپى ئاستىدا «دىۋانى ئەمىرىي» ناملىق بىر دىۋان تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «... بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەمىرىي (ۋاپاتى 1822 ـ يىلى) دۇر. كىتاب 1873 ـ يىلى ئۇچتۇرپان شەھىرىدە رەھمانقۇل دېگەن خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن ۋە يىپەك قەغەزگە يېزىلغان؛ قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتىر، جەمئىي 186 ۋاراق بولۇپ، 1957 ـ يىلى قەشقەردە سېتىۋېلىندى». بۇ نۇسخا قوقان خانى ئەمىر ئۆمەرخان (1787 ــ 1822) نىڭ دىۋانى بولۇپ، ئۇنىڭ تاشكەنتتە چاپ قىلىنغان باشقا نۇسخىلىرىدا «دىۋانى ئەمىرىي ئۆمەرخان» دېگەن نامى ھەم بولغان. بۇ ھەقتە ‹دىۋانى ئەمىرىي، دىن» ناملىق ئەسەرگە قارالسۇن، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992 ـ يىلى 4 ـ سان 121 ـ بەتلەر.

⑮ «دىۋانى گەدايى» نىڭ «981» رەقەملىك قول يازما نۇسخىسى پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 230 پارچە غەزەل، 1 پارچە قەسىدە، 1 پارچە مۇستەھزاد، 4 پارچە تۇيۇق ۋە 1 پارچە قىتئە ئورۇن ئالغان؛ «گەدايى ‹شېئىرلىرى›»، جاڭ خۇڭچاۋ تەرجىمە قىلغان، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى سىستېمىسى ــ چاغاتاي تىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ كەرىمە ھاجى «‹دىۋانى گەدايى›دىكى تۆتلۈكلەرنىڭ ژانىرلىق مەسىلىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2016 ـ يىللىق 3 ـ سان، 152 ـ بەت: كەرىمە ھاجى «‹دىۋانى گەدا› توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2017 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

⑯ بۇ سەمەرقەنت، ھىراتتا ياشىغان سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئەسىرى بولۇپ، تولۇق نۇسخىسى ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس؛ پايدىلىنىش ئۈچۈن يەنە مۇنداق مەنبەگە قارالسۇن: «ۋەفائىي شېئىرلىرىدىن»، ھاجى ئابدۇللا مەھمۇد تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق»ژۇرنىلى 2013 ـيىللىق 4 ـ سان، 24 ـ بەتلەر.

⑰ زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر «غەزەللەر»، جاپپار ئەمەت تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 1987 ـ يىلى، ئومۇمىي 20 ـ سان.

⑱ «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى»نىڭ 57 ـ بېتىدە «دىۋان بابۇر» ناملىق چاغاتايچە قول يازما ئەسەر تونۇشتۇرۇلغان.

⑲ «لۇتفىي شېئىرلىرىدىن»، رەخمىتۇللا جارىي تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1981 ـ يىللىق 1 ـ سان، ئۈرۈمچى؛ «لۇتفىي دىۋانى» (Lutfi Diwani)، گۈنەي قاراغاچ تەييارلىغان، ئەنقەرە: بىزىم بۇرو نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى؛ ئىمىن تۇرسۇن «ئۇبەيدۇللا لۇتفىي توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان، ئۈرۈمچى؛ «مەۋلانا لۇتفىي شېئىرلىرىدىن»، ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2015 ـ يىللىق 2 ـ سان 18 ـ بەت،ئۈرۈمچى،ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف «مەۋلانە لۇتفىي ھەققىدە يېڭى بايانلار»، «بۇلاق» ژورنىلى 2015 ـ يىلى 2 ـ سان، 40 ـ بەت؛ ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف: «مەۋلانا لۇتفى دىۋانىنىڭ كامبىرىج ۋە گوتھا نۇسخىلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2016 ـ يىللىق 3 ـ سان، 104 ـ بەت.

⑳ «ئاتايى غەزەللىرىدىن»، قۇربان بارات تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان، ئۈرۈمچى؛ «دىۋانى شەيخزادە ئاتايى»، ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2017 ـ يىللىق 1 ـ، 2ـ، 3ـ، 4 ـ سانلار.

㉑ «مەۋلانە سەككاكىي دىۋانى» (Mawlana Sakkaki Diwani)، كەمال ئارسلان تەييارلىغان، ئەنقەرە: تۈرك تىل قۇرۇمى، 1999 ـ يىلى نەشرى، ««ھۈسەيىنىي غەزەللىرى»دىن»، توختى بارات تەييارلىغان،ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 5 ـ سان، 10 ـ بەتلەر؛ «ھۈسەيىن بايقارا دىۋانى» (Husayin Bayqara Diwani)، تالىپ يىلدىرىم تەييارلىغان، ئىستانبۇل خەت نەشرىياتى 2010 ـ يىلى نەشرى؛ سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بايقارا «دىۋانى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بايقارا»، گۈلئايىم ياقۇپ، ئوبۇلقاسىم مەمەتلەر تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2016 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ سانلار.

㉒ سۇلتان مەسئۇد مىرزا شاھى: «دىۋانى شاھى»، ت . ساۋۇت ئۈدمىش تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 1 ـ سان، 5 ـ بەتلەر.

㉓ «شەيبانىخان دىۋانى» (Shibanhan Diwani)، ياقۇپ قارا سوي تەييارلىغان، ئەنقەرە: بىزىم بۇرو نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

㉔ ئابدۇغېنى مۇھەممەت «تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ‹دىۋان ئەدەبىياتى›»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2011 ـ يىللىق 2 ـ سان، 92 ـ بەتلەر.

㉕ ئابدۇرېھىم ھاپىز خارەزمىينىڭ بۇ شېئىرىي دىۋانى 1975 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتشۇناسى ھەمىد سۇلايمان تەرىپىدىن ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئاباد سالارجەڭ مۇزېيىدىن بايقالغان بولۇپ، قول يازما بۇ مۇزېيدا 4298 رەقەم بىلەن ساقلانغان.

㉖ ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف «ئابدۇرېھىم ھافىز خارەزمىي شېئىرلىرىدا ئارۇز ۋەزنى»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2016 ـ يىللىق 6 ـ سان 68 ـ بەت.

㉗ «خەزايىنۇل ـ مەئانىي»نىڭ ئەسلىي ئوقۇلغۇسى، لاتىن يېزىقىدىكى تىرانسكرىپسىيەسى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئوقۇلۇشى بولۇپ، جەمئىي 12 توم شەكلىدە جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى «نەۋايى ئەسەرلىرى» توپلىمىنى رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمەت گورۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2011 ـ يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىندى.

㉘ «دىۋانى فانىي» 1963 ـ يىلى تېھراندا، 1965 ـ يىلى تاشكەنتتە، 1993 ـ يىلى دۈشەنبەدە نەشر قىلىنغان.

㉙ «دىۋانى قىدىرىي» ھەققىدە: شىنجاڭدىكى بەزى ئەدەبىياتشۇناسلار ئارىسىدا 20 ـ ئەسىر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى 50 يىلىدا ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ياركەنت (يەكەن) خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆتكەن مۇقامشۇناس قىدىرخان ياركەندىينىڭ «شېئىرىي دىۋانى» بارلىقى توغرىسىدا ئاغزاكى بايانلار ساقلىنىپ كېلىنگەن. ئەمما، كۆنىمىزدە بۇنىڭ يازما ئىسپاتى تېپىلماقلىق ئىدى. ۋاھالەنكى، مۆجىزىينىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە: «(مۇقامنىڭ) ئون ئۈچىنچى پىرى قىدىرخان ياركەندىدۇر كىم، بۇ ئەزىزدېك بۇ فەندە مەھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاد ئازدۇر. بۇ ئەزىز كوپراق ئەمىر نىزامىدىن ئەلشىر نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەلىياتلىرىدىن ئوقۇر ئەردى... رەبابنى، ھەشتتارنى بۇ ئەزىز كەشف قىلدى ھەم شائىر ئىردى. ‹دىۋانى قىدىرىي› نى بۇ كىشى تەسنىف قىلدى...» (شۇ كىتاب 33 ـ، 34 ـ بەتلەر، ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈرلەر تەييارلىغان، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى). بۇ كىتابتىكى باياندىن قىدىرخان ياركەندىينىڭ ھەقىقەتەن « دىۋانى قىدىرىي» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمىنىڭ بولغانلىقىنى بىلىپ يەتكىلى بولاتتى. ۋاھالەنكى، 1985 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ياركەنت (يەكەن) دىن ««دىۋانى قىدىرىي، نىڭ مۇقەددىمىسى» ناملىق قول يازما بايقىلىپ، تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپنىڭ تەييارلىشى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ، «دىۋانى قىدىرىي» ھەققىدە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىنىشنىڭ ئاساسى بار بولغاندەك بولدى. بىراق، بۇ «مۇقەددىمە» ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ««بەدايىئۇل ـ بىدايە، نىڭ ‹دىباچىسى›» بولۇپ، بىرقانچە يىللار ئىلگىرى بىخەستەلىكتىن يۈسۈپ قىدىرخان نامىغا ئېلان قىلىنىپ كېتىلگەن. بۇنىڭدا كۆچۈرگۈچى (خەتتات) ۋە ياكى بىرەر ئوقۇرمەن ئاپتور نامىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان بولۇشى كېرەك، يەنە ئاپتور نامى ساقلانمىغان ئەھۋالدا تەخمىنەن «يۈسۈپ قىدىرخان» بولۇشى كېرەك، دېگەن پەرەز غالىب ئورۇنغا چىقىپ قالغان. بۇ ھەقتە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدىغىنى: ««بەدايىئۇل ـ بىدايە، نىڭ ‹دىباچىسى›»، «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەت تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى. 1 ــ 36 ـ بەتلەر. كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان يەنە بىر نۇقتا مۇنداق: «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى قول يازمىلىرى تىزىملىكى» (65 ـ بەت)دە «دىۋان قىدىرخان ياركەندى» ناملىق قول يازمىنىڭ «XKQ\374» نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. بۇ ئاتالمىش 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ««دىۋانى

قىدىرى،نىڭ مۇقەددىمىسى»نىڭ قول يازمىسى بولۇشى مۇمكىن.

㉚ مۇئجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتابىدا :«(مۇقامنىڭ) ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكەئى ئامانىنىسا خېنىم ئەردى ... شائىرەئى يىگانەئى دەۋران ئېردى، ‹دىۋانى نەفىسە، ئاتلىق شېرىن بىر كىتابىنى تەسنىف قىلىپ ئېردىلەر... »(شۇ كىتاب 40 ـ بەتلەر، ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈرلەر تەييارلىغان، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى) دەپ يازغان.

㉛ ئابىد قومۇلى ««دىۋانى ئابىد، تىن»، ئابدۇقېيۇم خوجا تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان.

㉜ «دىۋانى ئايازىي»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان؛ ئايازبېك قوشچى «غەزەللەر»، «باياز» (1) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى؛ «شائىر ئايازبېگنىڭ يېڭى تېپىلغان غەزەللىرى»، مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2016 ـ يىللىق 1 ـ سان، 14 ـ بەتلەر، 2 ـ سان، 5 ـ بەتلەر؛ ئەكبەر ئەنۋەر «ئايازبېگنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان شېئىرلىرىدىكى مۇخەممەسلەرنىڭ ۋەزنى ھەققىدە»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2017 ـ يىللىق 4 ـ سان 80 ـ بەت.

㉝ سەئىدىي، رەشىدىلەرنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن لىرىك شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئەينى چاغ شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ تەلىپىدىن قارىغاندا، «تەۋارىخ»، «چىڭگىزنامە» (كاشغەر تارىخى)، «سەئىدىيە خاندانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار» (بۇ «تەۋارىخ»نىڭ يەنە بىر نۇسخىسى دەپ قارىلىدۇ. «بۇنىڭدا ئابدۇرېشىتخاننىڭ پارسچە 4 مىسرا، ئۇيغۇرچە 4 مىسرا شېئىرى بېرىلگەن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشرى) دا ساقلىنىپ قېلىنغان شۇلارغا مەنسۇپ لىرىك نەزملەر «شېئىرىي دىۋان»نىڭ پارچىلىرى بولۇشى كېرەك، دېگەن پەرەزنىڭ بولۇشىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈرلەر «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نى نەشرگە تەييارلاش ئۈچۈن يازغان «كىرىش سۆز»دە: 1956 ـــ 1959 ـ يىللىرى سابىق جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گورۇپپىسى قەشقەر (كاشغەر)، يەركەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن (ئىگىلىگەن رىۋايەتلەردە)...سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ «دىۋانى رەشىدىي»، ««غەزەلىياتى رەشىدىي»، «سەلاتىنىنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ، دەپ يېزىلغان. بۇلار بۇ نۇقتىنىڭ قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. (شۇ كىتاب، 12 ـ بەت، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.)

㉞ شاھ مەھمۇد چوراس «تەۋارىخ» (1686 ـ يىلى يېزىلغان)، شاپىگراف نۇسخا، ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى جەمئىيىتى تارىخىنى تەكشۈرۈش گورۇپپىسى تەييارلىغان، ئابدۇرېشىت ئىسلامىي پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخا؛ موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، ھاجى نۇرھاجى تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 99 ـ، 103 ـ، 104 ـ، 107 ـ، 108 ـ، 109 ـ، 111 ـ بەتلەر. بۇ مەنبەلەردە سەئىدىي، رەشىدىلەرنىڭ ئۇيغۇر، پارسىي تىلىدىكى لىرىك شېئىرلىرى نەمۇنە سۈپىتىدە بېرىلگەن.

㉟ «زەلىلىي دىۋانى»، ئىمىن تۇرسۇن تەييارلىغان، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى؛ «زەلىلىي دىۋانى،غا تولۇقلىما»، قۇربانجان ئابدۇقادىر ،ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2014 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ ئابدۇۋەلى ئايۇپ: «زەلىلىي ئەسەرلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2001 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

㊱ «دىۋانى گۇمنام»، مىرسۇلتان ئوسمانوف تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.

㊲ «دىۋانى ئەرشىي»، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى؛ مېھرىگۇل مۇسا: «‹دىۋانى ئەرشىي›دىكى شېئىرىي سەنئەتلەر توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2017 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

㊳ «دىۋانى ئەرشىي فارسىي»، تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندىدا ساقلانماقتا. بۇ ھەقتە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا قاراڭ، 1983 ـ يىلى، ئالماتا: «پەن» نەشرىياتى نەشرى.

㊴ «دىۋانى مەشھۇرىي»، مەمتىمىن يۈسۈپ تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى؛ ماھىرە ئۆمەر: «‹دىۋانى مەشھۇرىي› توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

㊵ «دىۋانى نەۋبەتى»، قۇربان بارات، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

㊶ «دىۋانى مەھزۇن»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژورنىلى 1981 ـ يىللىق 1 ـ سان، 1982 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانلار، ئابدۇرېشىت ئىسلامىي تەييارلىغان، «دىۋانى مەھزۇن»، يەككە كىتاب، تۇرسۇن ھوشۇر تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

㊷ «دىۋانى قەلەندەر»، ئىسرايىل يۈسۈپ تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

㊸ «دىۋانى ھەيرەتىي»، ئىمىن تۆمۈر تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2011 ـ يىللىق 2 ـ سان، 5 ـ بەتلەر؛ 3 ـ سان، 25 ـ بەتلەر؛ 4 ـ سان، 21 ـ بەتلەر؛ 5 ـ سان، 5 ـ بەتلەر.

⑭ «دىۋانى سەدايى»(تونۇشتۇرۇش)، «شىنجاڭ كىتابلار كاتالوگى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە تارىخنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەييارلىغان، شاپىگىراف نۇسخا، 120 ـ بەت، 1962 ـ يىلى 7 ـ ئاي؛ «دىۋانى سەدايى، دىن تاللانما»، روزى سايىت تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑮ «دىۋانى سەبۇرىي» ھەققىدە: ئابدۇرېھىم سابىت «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى كىتاب، 2 ـ قىسىم، 393 — 405 ـ بەتلەر، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىي ـ مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان، 1984 ـ يىلى؛ «سەبۇرىي لىرىكىسىنىڭ مەزمۇنى»، ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 969 — 973 ـ بەتلەر؛ «دىۋانى سەبۇرى»، شېرىپىدىن ئۆمەر: «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 1894 — 1904 ـ بەتلەر، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى؛ سەبۇرىي: «غەزەللەر»، ئابلىمىت روزى تەييارلىغان، «باياز» (1)، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى، 277 — 283 ـ بەتلەر.

ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ يېڭى تەتقىقاتىغا قارىغاندا «سەدايى» تەخەللۇسلۇق شائىر بىلەن «سەبۇرىي» تەخەللۇسلۇق شائىر ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ كىشى كاشغەر شەھىرىگە يېقىن ئاپاق خوجا مازارى جايلاشقان ھەزرەت كەنتىدە تۇغۇلغان. بۇ ھەقتە «قەشقەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ 254 ـ بېتىگە قارالسۇن.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى مەسئۇللۇقىدا تەييارلانغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى) نىڭ 356 — 360 ـ بەتلىرى بىلەن 645 — 674 ـ بەتلىرى، ئىمىنجان ئەخمىدىي تەييارلىغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشرى) نىڭ 219 — 220 ـ بەتلىرى بىلەن 244 — 246 ـ بەتلىرى، شېرىپىدىن ئۆمەر يازغان «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ 1 ـ قىسىم 123 — 156 ـ بەتلىرى بىلەن 3 ـ قىسىم 1894 — 1904 ـ بەتلىرى (ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى)، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا تەييارلانغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ 3 ـ قىسىم 24 — 26 ـ بەتلىرى بىلەن 91 — 103 ـ بەتلىرىدە «مىر ھەسەن سەدايى» بىلەن «ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىي» نامىدا ئىككى شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرى، جۈملىدىن «دىۋانى سەدايى»، «دىۋانى سەبۇرىي»لار ھەققىدە تونۇشتۇرۇش ھەم مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلغان.

بۇ توغرۇلۇق تەكشۈرۈشنى ئەڭ دەسلەپ قازاقىستان ئەدەبىياتشۇناسلىرى قولغا ئالغانىكەن. مەسىلەن، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئالمائاتا، 1983 ـ يىلى، 97 ـ بەت) دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سەبۇرىي «سەدايى» تەخەللۇسى بىلەنمۇ شېئىرلار يازغان، ئۇ كاشغەردىن قوقەنت (قوقان) غا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان ۋە شۇ يەردە بىر دىۋان تۈزۈپ، مۇشۇنداق تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ بۇ دىۋانى تاجىكىستاننىڭ دۈشەنبە شەھىرىدە ساقلىنىۋېتىپتۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1826 ـ يىلى قەشقەردە بىر قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان. شۇ چاغدىكى كاشغەرنىڭ ھاكىمبېگى زوھۇردىن شۇ يىلى ئامالسىز تەختىنى تاشلاپ، ئۆزبېكىستاننىڭ ئۇش شەھىرىگە قېچىپ كېتىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىلى ئارقىلىق يەنە كاشغەرگە قايتىپ كېلىدۇ. سەبۇرىيمۇ مۇشۇ قېتىملىق يۆتكىلىشتە ئۆزبېكىستانغا كەتكەن ۋە شۇ يەردە شېئىرلار توپلىمىنى يازغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قارىشىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ توغرۇلۇق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئىسمىزدە بولىدۇ.

⑯ « دىۋانى زوھۇرىي»، قۇربان بارات تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى؛ ئامىنە «‹دىۋانى زوھۇرىي› ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2014 ـ يىلى 5 ـ ئاي؛ رەناگۈل روزى «چاغاتاي تىلىدىكى ھۆججەت ‹دىۋانى زوھۇرىي› ھەققىدە تەتقىقات»، بېيجىڭ: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2015 ـ يىلى.

⑰ «دىۋانى نىيازىي»، ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇرلار تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 10 ـ سان، 1983 ـ يىلى.

⑱ «دىۋانى قارىي»، ئەزىز ساۋۇت تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، 1989 ـ يىلى ئاق باسما نۇسخا.

⑲ « دىۋانى ئەلىي»، ساۋۇت سوپى تەييارلىغان، ئاقسۇ: «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑳ «دىۋانى ناقىس»، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى؛ ئابدۇغېنى ياسىن: «ناقىسنىڭ ھاياتى ۋە شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاي؛ گۈلنىگار ئابدۇرۇسۇل «‹دىۋانى ناقىس›نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2016 ـ يىلى 5 ـ ئاي .

㉑ «‹موللا سەئدۇللا شېئىرلىرى›دىن» «ئا.ئىسمائىل تەييارلىغان، قەشقەر: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(52) «دىۋانى مەۋلىۋى يۈسۈپ سەرىامىي» ،ئابلىمىت ئەھەد تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىللىق 4 ـ سان.

(53) مۇھەممەت رەسۇل شەۋقىي «دىۋانى شەۋقىي»، نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا، ھەبىبۇللا مۇھەمەدىن تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 20 ـ سان، 1987 ـ يىلى.

(54) ««دىۋانى خەستە، دىن پارچىلار»، نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 9 ـ سان، 1983 ـ يىلى؛ «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى قول يازمىلىرى تىزىملىكى» (70 ـ بەت)دە «XKQ\377» نومۇرلۇق «دىۋان مىسكىن خەستە»نىڭ 307 بەتلىك قول يازمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىلگەن؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇشۇ كىتاب (60 ـ، 61 ـ، 62 ـ بەتلەر)تا «دىۋان خەستە»نىڭ يەتتە خىل قول يازما نۇسخىسى تونۇشتۇرۇلغان.

(55) «دىۋان غەرىبىي». «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ 63 ـ، 64 ـ بەتلىرىدە «دىۋان غەرىبىي» نامدىكى ئۈچ پارچە ئەسەر تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ «X?Q\293» نومۇرلۇقى چاغاتاي تىلىدىكى قول يازما بولۇپ، 289 بەت، مەزمۇنى: ئەدەپ ـ ئەخلاق تەرغىب قىلىنغان شېئىرىي ئەسەر، «XKQ\889» نومۇرلۇقى 208 بەت، مەزمۇنى ئەسكەرتىلمىگەن، پارسچە قول يازما، «X?Q\1539» نومۇرلۇقى 437 بەت، پارسچە قول يازما، مەزمۇنى: ئەدەپ ـ ئەخلاق، مۇھەببەت تېما قىلىنغان شېئىرىي ئەسەر، دېيىلگەن. بۇلاردىن «X?Q\1539» نومۇرلۇقىنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى: ھىجرىيە 1275 ـ (مىلادىيە 1855 ـ، 1856 ـ ) يىلى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن، ئەمما يېزىلغان ئورنى توغرۇلۇق ئۇچۇر بېرىلمىگەن. بۇ دىۋاننىڭ ئاپتورى قايسى «غەرىبىي» تەخەللۇسلۇق شائىر، بۇنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدا 12 نەپەر شائىر «غەرىبىي» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن.

(56) «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى)ناملىق كىتابنىڭ 86 ـ، 87 ـ بەتلىرىدە ھۈسەيىنخان تەجەللىينىڭ «دىۋانى ھۈسەيىنخان» ناملىق ئەرەبچە قول يازمىسى تونۇشتۇرۇلغان؛ بەزىلەر يەنە «دىۋانى تەجەللىي» ناملىق ئەسەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇ ھەقتە قاراڭ: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، غەيرەتجان ئوسمان مەسئۇللۇقىدا تەييارلانغان، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

(57) «ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللىي»، مۇختەر ماموت مۇھەممەدى تەييارلىغان، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 18 ـ بەت.

(58) ئەنۋەر بايتۇر: «‹تارىخى ھەمىدىي›نى ‹نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن›» موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىي»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 10 ـ بەت.

(59) «ئەرەبىي دىۋان» ـ ئاتۇشلۇق سالىھ داموللا (1895 ـ 1957) نىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان كىتابى. «ئاتۇش پەرزەنتلىرى»(1)، ئەسقەر ھوشۇر، ئابلىز ئابلەت مەخسۇملار تەييارلىغان، 2008 ـ يىلى بېسىلغان، 240 ـ بەتلەر.

(60) «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ 62 ـ بېتىدە «X?Q\603» نومۇرلۇق 22 بەتلىك چاغاتايچە قول يازما توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىلگەن.

(61) «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» 76 ـ بەت.

(62) «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» 76 ـ، 77 ـ بەتلەر.

(63) «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» 77 ـ، 78 ـ بەتلەر.

(64) «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» 78 ـ، 79 ـ بەتلەر؛ «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» نىڭ 93 ـ، 94 ـ، 95 ـ، 96 ـ، 97 ـ 98 ـ بەتلىرىدە «سوپى ئاللايار» نامدىكى 18 پارچە ئەسەر تونۇشتۇرۇلغان. بۇلار «دىۋان سوپى ئاللايار» نامدىكى ئەسەر بىلەن ئوخشاش خاراكتېردىكى ئەسەرلەرمۇ قانداق، ئايرىم سېلىشتۇرۇپ دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

(65) «دىۋان مەجزۇب»نىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى ساقلانغان. «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى»81 ـ، 82 ـ بەتلەر.

(66) «دىۋان ھۇزۇرىي» پارسچە ـ چاغاتايچە ئارىلاش قول يازما. «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى»، 83 ـ بەت.

(67) بۇ يەردە بۇ توپلاملارنىڭ «شېئىرىي دىۋان»نىڭ ئۆلچىمىگە قانچىلىك دەرىجىدە ماسلىشىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئىزدىنىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ قويۇلۇپ، پەقەت مۇئەللىپلەرنىڭ ئۆزلىرى ياكى كېيىنكى كۆچۈرگۈچى ـ خەتتاتلار تەرىپىدىن «دىۋان» دەپ ئاتالغانلىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، «شېئىرىي دىۋان»لار قاتارىدا ساناپ ئۆتۈلدى.

(68) بۇ ئەسەرنىڭ «دىۋانى نىدايى» دېگەن ئىسمىنىڭ بارلىقى مەنبەلەردە كۆرسىتىلمەي، «دىۋان» دەپلا ئېلىنغان، توپلامنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بۇ يەردە مۇشۇنداق ئاتىلىپ تۇرۇلدى. بۇ ھەقتە قاراڭ: ئۆمەرجان نۇرى «ئابدۇللا نىدايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2011 ـ يىللىق 4 ـ سان 47 ـ بەتلەر، ئۈرۈمچى.

(69) A.M.Muginub: Opisanie Uygurskih Rukpisey Inistituta Narodov Azii,Moskva,1961.187p ئا . م . مۇغىنوب (رۇسىيە): «ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قول يازمىلىرى كاتالوگى»، 1961 ـ يىلى، موسكۋا، 187 ـ بەت.

(70) بۇلار مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇننىڭ تەييارلىشىدا «نىزارىي لىرىكىلىرى» دېگەن نام بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن

1995 ـ يىلى نەشر قىلىندى؛ ئەزىزگۈل غوپۇر: «نىزارىي لىرىكىلىرى، توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

(71) موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ (نازىمىي) «غەزەلىيات»، مۇھەممەتخان كامالى، تۇرسۇن زىيىدىن قاتارلىقلار تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

(72) «سەيفۇل ـ مەلىك ۋە بەدىئۇل ـ جەمال»، ئىسرايىل يۈسۈپ، سۇلايمان يۇنۇسلار تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانلار.

(73) ئابدۇرېشىت ئىسلامى تۈزگەن «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتالوگى» (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى 1965 ـ يىلى باستۇرغان) ناملىق كىتابنىڭ 136 ـ بېتىگە قارالسۇن.

(74) چاغاتاي تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە بولغاندا «دىۋان» ئاتالغۇسى ئىسمى بىلەن باغلىنىپ كەلگىنىدە، تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن باغلىنىپ، تىزىلىنىپ كېلىدۇ. بىراق، «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى»دە بۇ قائىدە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. بۇ ماقالىدە ئېنىقلىمىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇشۇ كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان «شېئىرىي دىۋان»لارنى تىلغا ئالغاندا، ۋاقىتلىق شۇ پېتى ئېلىپ تۇرۇلدى.

(75) «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 2 ـ سانى (ئابدۇرېھىم سابىت تەييارلىغان) ۋە «بۇلاق» (ئۈرۈمچى) ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 2 ـ سانى (ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت ئابلىز تەييارلىغان)دا ئېلان قىلىنغان فۇتۇھىينىڭ ئارۇز ۋەزنىلىك لىرىك شېئىرلىرى جەمئىي 28 غەزەل، 4 مۇخەممەس، 6 رۇبائىي، 1 مۇھەببەتنامەدىن ئىبارەت: ئەدەبىياتشۇناس ساۋۇت موللائاۋۇت: «18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى» ناملىق كىتابى (ئالماتا، 1990 ـ يىلى نەشرى، 81 ـ بەت)دا ئەرشىنىڭ تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان «2277 11» نومۇرلۇق قول يازما تەركىبىدە ئۇنىڭ ئوغلى فۇتۇھىينىڭ ئەسەرلىرى (شېئىرلىرى)نىڭ بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن: ئا . م . مۇغىنوۋ (رۇسىيە): «ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قول يازمىلىرى كاتالوگى» (1961 ـ يىلى، موسكۋا)

[A.M.Muginub: Opisanie Uygurskih Rukpisey Inistituta Narodov Azii,Moskva,1961.187p] ناملىق كىتاب مۇندەرىجىسىنىڭ 13 ـ بېتىدە «دىۋان فۇتۇھىي» ناملىق بىر كىتابنىڭ نامى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. بۇ ياركەنتلىك شائىر فۇتۇھىينىڭ دىۋانى بولۇشى مۇمكىن. مۇبادا بۇ دىۋان ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنداقتا شائىر فۇتۇھىينىڭ خاس شېئىرلار دىۋانى بارلىقى نەق ماتېرىيال ئاساسىدا ئىسپاتلانغان بولىدۇ.

(76) «موللا مۆمىن ياركەندىي غەزەللىرىدىن نەمۇنىلەر»، ئابدۇرېھىم سابىت تەييارلىغان، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 6 ـ سان، 66 ـ بەتلەر.

(77) بۇنىڭدىكى شېئىرلار ئارۇز ۋەزنىدە، چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە لىرىك شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان. موللا نىزامىدىن ئاخۇنۇم «ھېكمەتى نىزامىدىن»، روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2013 ـ يىللىق 2 ـ سان، 3 ـ بەتلەر، 3 ـ سان 29 ـ بەتلەر.

(78) «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2016 ـ يىللىق 4 ـ سان 74 ـ بەت.

(79) «دىۋانى فۇزۇلىي» (دىۋانى پۈزۈلىي)، «شىنجاڭ كىتابلار كاتالوگى» (1962 ـ يىلى شاپىگراف نۇسخا) نىڭ 111 ـ بېتىدە شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن خەلق ئارىسىدىن يىغىۋېلىنغان قول يازمىلار قاتارىدا بۇ دىۋاننىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغان؛ «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى»نىڭ 106 ـ بېتىدە «غەزەلىيات پۈزۈلىي» ناملىق چاغاتايچە تاش باسما ئەسەر تونۇشتۇرۇلغان. بۇ «دىۋانى پۈزۈلىي»نىڭ ئۆزگىچە ۋارىيانتى بولۇشى كېرەك.

(80) «دىۋانى مەشرەپ»، ئابدۇرېشىت ئىسلامىي تۈزگەن «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتالوگى» (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى 1965 ـ يىلى باستۇرغان) ناملىق كىتابنىڭ 136 ـ بېتىدە، ھىجرىيە 1304 (مىلادىيە 1896) يىلى موللا ئوسمان كۆچۈرگەن بىر قول يازما نۇسخىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا « 183 نومۇر» بىلەن ساقلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان؛ «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى) نىڭ 65 ـ، 66 ـ، 67 ـ، 68 ـ، 69 ـ بەتلىرىدە «دىۋان مەشرەپ»نىڭ ساقلىنىۋاتقان 13 خىل نۇسخىسى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىلگەن؛ «مەشرەپ شېئىرلىرىدىن تاللانما»، مۇھەممەت پولات تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

(81) «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ 83 ـ، 84 ـ بەتلىرىدە «دىۋانى ھۇۋەيدا» ناملىق چاغاتايچە قول يازما تونۇشتۇرۇلغان.

(82) «دىۋانى بىنىشان» ھەققىدە «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى قول يازمىلىرى كاتالوگى» (1957 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە بېسىلغان)نىڭ 25 ـ بېتىدە ۋە ئابدۇرېشىت ئىسلامىي تۈزگەن «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتالوگى» (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى 1965 ـ يىلى باستۇرغان شاپىگراف نۇسخا) ناملىق كىتابنىڭ 133 ـ بېتىدە ئۇچۇر بېرىلگەن. كېيىنكى كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «دىۋانى بىنىشان، نومۇرى: 174، ئاپتورى بىنىشان، ھىجرىيە 1254 ـ يىلى (مىلادىيە 1842 ـ يىلى) يېزىلغان، شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئەسەر ئۇيغۇر شائىرى ‹بىنىشان›نىڭ مەرسىيەلەردىن ئىبارەت شېئىر توپلىمى،

ئەسەر تولۇق» دېگەن ئۇچۇر خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭ كىتابلار كاتالوگى» (شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1962 ـ يىلى 7 ـ ئايدا باستۇرغان) ناملىق كىتابنىڭ 117 ـ بېتى («بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 1 ـ سانىنىڭ 315 ـ بېتىدە ھەم(دە «پەندنامە» داستانىنى تونۇشتۇرغىنىدا، ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ ئىسمائىلبەگ، ئەدەبىي تەخەللۇسىنىڭ «بىنىشان» ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. مۇشۇ ئىككى مەنبەدىكى ئۇچۇر ئارقىلىق ئىسمائىلبەگ بىلەن «بىنىشان»نىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكى، بۇ كىشىنىڭ ھەم شېئىرىي داستانچىلىق، ھەم لىرىك شېئىرىي دىۋان تۈزگەن يېتۈك شائىر ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە بىلىنگەن. ئەپسۇسكى، بىنىشانىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۈگۈنكى زامان يېڭى مەتبۇئاتىدا ئايان بولمىدى. ھاجى ئەخمەت تەييارلىغان «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: ئىسمائىل بەگ «سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ئىلىم ـ مەرىپەت كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتكۈزگۈچى كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، بۇ شېئىرلار ئۇنىڭ 1842 ـ يىلى تۈزۈلگەن ‹دىۋانى بىنىشان› ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن، بۇ دىۋان شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ». شۇ كىتاب 112 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى؛ يەنە ئوخشاش مەزمۇندىكى بايان ئابدۇرېھىم سابىت «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى كىتاب 2 ـ قىسىم 202 ـ، 203ـ، 204 ـ بەتلەردە بېرىلگەن، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان، 1984 ـ يىلى. يۇقىرىقى بايانلاردىن ئىسمائىلبەگنىڭ كاتتا شائىر ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ يۇرتى توغرۇلۇق ئېنىق ئۇچۇر يوق.

⑧③ جاھان ئاتىن ئۇۋەيسىي «دىۋانى ئۇۋەيسىي»، مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللا نۇر تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى نەشرى.

⑧④ «شائىر غەيرەتىي»، ژۇرنال رېداكسىيەسى تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىللىق 2 ـ سان، 110 ـ بەت.

⑧⑤ قومۇل ۋاڭ ئوردىسىدا 1813 ـــ 1814 ـ يىللىرى تۈزۈلگەن «باياز»نى ئاساس قىلغان ھالدا، كۆنىمىزدىكى ئىلمىي خادىملار ئىككى پارچە «باياز»نى رەتلەپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى 28 نەپەر شائىرنىڭ نەزمىي ئەسەرلىرىدىن تاللاپ كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. ئىككىنچى قىسمىغا 30 نەپەر شائىرنىڭ نەزمىي ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلۈپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بېيجىڭدا 1997 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

⑧⑥ «زەلىلىي دىۋانى»، ئىمىن تۇرسۇن تەييارلىغان، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

⑧⑦ موللا نىياز «دىۋانى نىيازىي»، ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇرلار تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 10 ـ سان، 1983 ـ يىلى.

⑧⑧ قەلەندەر: «دىۋانى قەلەندەر»، ئىسرايىل يۈسۈپ تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

⑧⑨ ئىسمائىل مەھزۇن: «دىۋانى مەھزۇن»، تۇرسۇن ھوشۇر تەييارلىغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

⑨⓪ ئەسقەر ھۈسەيىن: «گۇمنامىنىڭ يېڭى تېپىلغان غەزەللىرى»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 1995 ـ يىلى 2 ـ سان؛ «غۇنچەم مەخمۇد «ھىرقەتىي ‹گۇمنام›نىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2010 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

⑨① ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف «زەلىلىي شېئىرلىرىنىڭ بەھرى ۋەزنى توغرىسىدا»، ئۈرۈمچى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2013 ـ يىللىق 6 ـ سان 43 ـ بەت؛ ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف «ئابدۇرېھىم ھافىز خارەزمىي شېئىرلىرىدا ئارۇز ۋەزنى»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2016 ـ يىللىق 6 ـ سان .

⑨② قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن تەييارلانغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1983 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابتا «دىۋانى ئەرشىي فارسىي» ناملىق قول يازمىنىڭ تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. بىراق،ئەدەبىياتشۇناس ساۋۇت موللا ئاۋۇت «18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيەسى» ناملىق كىتابى (ئالماتا، 1990 ـ يىلى نەشرى، 81 ـ بەت) دا ئەرشىينىڭ تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان «2277 11» نومۇرلۇق قول يازما بىلەن ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانغان (ھەم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشر قىلغان ـــ نەقىلچىدىن) نۇسخىدىكى شېئىرلارنىڭ كۆپچىلىك قىسمى ئوخشاش، يەنى بىر دىۋاننىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى دەپ ھېسابلاش كېرەك. دۇشەنبىدىكى قول يازمىدا «...ئەرشىينىڭ پارس تىلىدا پۈتۈلگەن غەزەل ۋە مۇخەممەسلىرىمۇ بار» دەپ ئەسكەرتكەن.

⑨③ ئاينۇر روزى «زەلىلىينىڭ پارسچە شېئىرلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، 2016 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

⑨④ «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تىزىملىكى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ 83 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑨⑤ «ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللىي»، مۇختەر مامۇت مۇھەممەدى تەييارلىغان، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 18 ـ بەت.

⑨⑥ «دىۋانى ئەرەب» بىلەن «دىۋانى ھۈسەيىنخان» بىر كىتابنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشىمۇ ياكى ئايرىم ئىككى كىتابمۇ، بۇنى يەنىمۇ

ئېنىق دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

(97) « 12 مۇقام تېكىستلىرى»، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، 1964 ـ يىلى 5 ـ ئاي، قوغۇشۇن ھەرپلىك ئاق باسما نۇسخا.

(98) ئۇيغۇر سايرانىينىڭ ئافزاكى باياني، 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى.

(99) مەسىلەن، تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان «دىۋانى ئەرشىي» ناملىق توپلامدا خوجا جاھان ئەرشىينىڭ ئوغلى خوجا سىدىق فۇتۇھىينىڭ لىرىك شېئىرلىرىمۇ بار بولغان. بىراق، بۇ ئىككى شائىرنىڭ شېئىرلىرى «شېئىرىي دىۋان» تەرتىپى بويىچە ماسلاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەنمۇ؟ ياكى قوشۇپ توپلەپ قويۇلغانمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى بىر خىل ئالاھىدە ئەھۋال دەپ قاراشقا ھەم مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

(100) «دىۋانى ھېكمەت»، مەزكۇر توپلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرىدا مۇشۇ نام ئىشلىتىلمەي كېلىنگەن دېگەن قاراش يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ نەشر نۇسخىسىغا قوشۇمچە قىلىنغان «ئەھمەد يەسەۋىي ۋە ‹دىۋانى ھېكمەت› توغرىسىدا» ناملىق ماقالىگە قارالسۇن، ئابدۇرېشىت جەلىل قارلۇق، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى. بىراق، «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تېزىملىكى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ 55 ـ، 56 ـ، 57 ـ بەتلىرىدە «دىۋان ئەھمەد يەسەۋىي»، «دىۋان خوجا ئەھمەد»، «دىۋان ئەھمەد» قاتارلىق سەككىز پارچە ئەسەرنىڭ قول يازمىسىنىڭ ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا خەلق ئارىسىدا بۇ توپلام «شېئىرىي دىۋان»نىڭ ئاساسىي قائىدىسىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ، شائىرنىڭ ئىسمى بىلەن بىۋاسىتە باغلانغان ھالدا كۆچۈرۈلۈپ ھەم تارقىلىپ تۇرۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

(101) ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «شېئىرىي دىۋانى» مۇئەللىپىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن «خەزايىنۇل ـ مەئانىي» دەپ ئاتالغانلىقىنى ئىلىم ساھەسى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ توپلام كېيىنچە «چاھار دىۋان» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. بىراق، نەۋائىيشۇناسلىق ساھەسىدە «دىۋان نەۋائىي» نامى بىلەن تارقىلىپ تۇرۇلغان ئەسەرلەرمۇ بار بولغان. مەسىلەن، «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلىرى تېزىملىكى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتاب (كېيىن كەلگەندە بۇ يەردە باشقا مەنبەلەرنىمۇ كۆرسىتىشكە بولاتتى. بىراق، ئۇشبۇ ماقالىنىڭ سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ جايدا مۇشۇ بىرقانچە كىتاب ئاساس قىلىپ تۇرۇلدى ـــ نەقىلچىدىن)نىڭ 70 ـ، 71 ـ، 72 ـ، 73 ـ 74 ـ، 75 ـ 76 ـ بەتلىرىدە «دىۋان نەۋائىي» نامىدىكى 18 پارچە ئەسەر تونۇشتۇرۇلغان. بۇلار نەۋائىي ياشىغان زاماندىن كېيىن خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلار بولۇپ، ئۇلار «شېئىرىي دىۋان»لارنىڭ نوپۇزىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزلىرى شۇ خىل نامنى قويۇپ، توپلام تۈزۈپ، كۆچۈرۈپ چىققان بولۇشى كېرەك. بۇلارنىڭ كۆپى «خەزايىنۇل ـ مەئانىي»دىن تاللانغان لىرىك شېئىرلار بولۇشى ھەم ئەقىلگە يېقىن.

(102) مەنبەلەردە ئىمىر ھۈسەيىنىنىڭ ئىككى خىل دىۋانى ھەققىدە ئۇچۇر بار ھەم ئۇلاردىن نەمۇنىلەر ھەر خىل شەكىلدە ئېلان قىلىنىدى. ۋاھالەنكى، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بۇ ئىككى خىل نامدا ئاتالغان دىۋاننى سېلىشتۇرۇش كېيىنكى تەتقىقاتقا قالدۇرۇلدى ھەم ئۇلار ئوخشاش بىر دىۋانمۇ ياكى ئىككى خىل دىۋانمۇ، دېگەن سوئالغىمۇ كېيىنچە جاۋاب ئىزدىلىدىغانلىقى بۇ يەردە ئەسكەرتىلدى. ئىمىر ھۈسەيىنىنىڭ ئىككى خىل تەخەللۇسىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «قەشقەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى) ناملىق ئەسەرنىڭ 254 ـ بېتىگە قاراشقا بولىدۇ. ئىمىر ھۈسەيىنىنىڭ يەنە «ماقالات»ناملىق ئەسىرى بار.

(103) قۇربانجان ئابدۇقادىر «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى كۆپ بەندلىك شېئىرلار»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 2014 ـ يىللىق 1 ـ سان، 70 ـ بەت.

(104) غەيرەتجان ئوسمان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 〈شېئىرىي دىۋان〉»، بېيجىڭ: «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2015 ـ يىللىق 6 ـ سان، خەنزۇچە.

(105) غەيرەتجان ئوسمان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ‹شېئىرىي دىۋان›»، بېيجىڭ: «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2015 ـ يىللىق 6 ـ سان، خەنزۇچە.

(106) غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ‹شېئىرىي دىۋان›»، بېيجىڭ: «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2015 ـ يىللىق 6 ـ سان، خەنزۇچە.

(107) غەيرەتجان ئوسمان: «18 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئىپادىلەنگەن ئۈچ غەزەل توغرىسىدا»: يىنچۈەن: «نىڭشيا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 4 ـ سان، خەنزۇچە.

(108) ئابدۇرېشىت ئىسلامىي تۈزگەن «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتالوگى» (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى 1965 ـ يىلى باستۇرغان) ناملىق كىتابنىڭ 122 ـ بېتىدە «باياز»نىڭ بىر قول يازما نۇسخىسى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ بايازنىڭ ئاپتورى نەۋبەتىي، غەربىي، ھۆۋەيدا، دېيىلگەن؛ «شىنجاڭ كىتابلار كاتالوگى» (شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە تارىخنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1962 ـ يىلى 7 ـ ئايدا باستۇرغان) نىڭ 143 ـ، 144 ـ بېتىدە ئىككى پارچە «باياز»نىڭ قول يازمىسى تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭ بىرى 1811 ـ يىلى قومۇل ۋاڭ ئوردىسىدا تۈزۈلگەن، دېيىلگەن. «باياز» ـــ ئۇيغۇر

تىلىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى تىل ئىستېمالىدا «ئالماناخ» دەپمۇ قوللىنىلغان.

109 ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى خ . سۇلايمانوۋ نامىدىكى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا «2794» نومۇرلۇق قول يازما ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇ «دىۋان نەۋايى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. بۇ مۇھەممەت فازىل كاشغەرىي ئوغلى ئابدۇرېھىم تەرىپىدىن 1830 ـ يىلى كاشغەردە كۆچۈرۈلگەن. مۇشۇ توپلامنى بەزى ئىلمىي خادىملار «نەۋايى كۇللىياتى» دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇ ھەقتە: دىلبەر روزىيېۋانىڭ «ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان 84 ـ بەت. 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن خوتەنلىك مۇقام تارىخچىسى مۇئجىزىي «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتابىدا (مۇقامنىڭ)«سەككىزىنچى پىرى ھەزرىتى ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋايىدۇر. بۇ ئەزىزنىڭ ئومۇم فەزىل ـ شەرافەتلىرى ئۆزلىرى پۈتكەن شېئىر ـ كىتابلىرىدىن مەئلۇمدۇر. كۇللىيات، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ، «چەھار دىۋان»لارى، «خەمسە»لەرى، بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى ـ كېيىن كۆپ ـ ئاز بولۇپ پۈتكەن ئوتتۇز ئالتە فارچە كىتابلارىدىن فەقىر بەھرىمەن بولدۇم». (شۇ كىتاب، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، قول يازما قىسمى 17 ـ بەت، ترانسكرىپسىيە قىسمى 31 ـ بەت).

110 «كۇللىيات دىۋانى زەلىلىي»، ئابدۇرېشىت ئىسلامىي تۈزۈپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1965 ـ يىلى شافىگرافتا باستۇرۇلغان «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتالوگى» (145 ـ بەت)دا بۇ كىتابنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ 366 بەتلىك بىر نۇسخىسىنىڭ ھجرىيە 1147 ـ 1155 ـ (مىلادىيە 1734 — 1742 ـ ) يىللىرى يېزىلىپ، «192 نومۇر» بىلەن ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ئېيتىلغان.

111 «كۇللىيات مەسنەۋى خىراباتىي»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 ـ يىللىق 2 ـ سان 280 ـ بەت.

112 «نىزارىي كۇللىياتى»، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەتقىقاتچى، ئالىملىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى لېنىنگراد بۆلۈمى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ قول يازمىلىرىنى «كۇللىيات» دەپ تەرىپلىشىپ كېلىشىدۇ. بۇ ھەقتە دىلبەر روزىيېۋانىڭ «ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان 69 ـ بەت.

113 «دىۋان خەستە»دىن پارچىلار»غا يېزىلغان «نەشرگە تەييارلىغۇچى»نىڭ سۆزىدە ئېيتىلىشىچە: خەستەنىڭ «كۇللىياتى خەستە» ناملىق بىر توپلىمى بولۇپ، 444 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 9 ـ سان، 211 ـ بەت، 1983 ـ يىلى.

114 «كۇللىيات غەرىبىي» — بۇ توپلام ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قول يازمىلار فوندىدا بىر نۇسخا، زوھۇرىدىن مۇھەممەد بابۇر نامىدىكى ئەنجان ئوبلاستلىق كىتابخانىدا بىر نۇسخا ساقلانماقتا. ئا. جەلىلوپ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) «خۇشھال غەرىبىي ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار»، ئۈرۈمچى: «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان.

115 تەتقىقاتچى، مەرھۇم قادىر ئەكبەر بۇ ھەقتە مەخسۇس ماقالە يېزىپ «ئاسىيا كىندىكى» (ئۈرۈمچى) گېزىتىدە ئېلان قىلغانىدى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى)

# خەلق ناخشىلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدە

ماھىرە ھەسەن

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۇيغۇر مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان قىممەتلىك مىراس. خەلق ناخشىلىرى قەدىمكى دەۋردە مەلۇم بىر شەخس ياكى بىرقانچە شەخس تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، تاكامۇللىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت مىراسىغا ئايلانغان. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامان، ماكان ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىسى، بىلىمى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئەكس ئەتكەن، خەلقىمىزنىڭ ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاش، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدىكى ئەقىل ـ پاراسىتى، باتۇرلۇقى، ئەمگەكچانلىق روھى كۆيلەنگەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرى، قايغۇ ـ ھەسرىتى، خۇشاللىقى، مەردانىلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى نامايان قىلىنغان. ئۇ ئانا يۇرتىمىزنىڭ چۆللۈك، بوستانلىق، قۇملۇق، تاغلىق ... قاتارلىق رايونلاردا ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە سودا ـ سېتىق (كارۋانلىق) بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن مېھنەتكەش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، قىيىن شارائىتتىمۇ ياشناپ تۇرىدىغان توغراق روھىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى شۇ قەدەر يېقىشلىقلىقى، تېكىست ـ ئىبارىلىرىنىڭ مەزمۇنلۇقلۇقى، پاك ئىنسانىي تۇرمۇشقا، مىللىي خاسلىققا يېقىن، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئۆم ـ ئىناقلىق روھىغا باي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆز خەلقىمىزنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى قېرىنداش مىللەت خەلقلىرىنىڭمۇ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. بۇ ناخشىلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن نۇرغۇن ئوت يۈرەك سەنئەتكارلار پۈتكۈل ئۆمرىنى، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى، بېسىملارنى يېڭىپ، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى بىز ئاڭلاۋاتقان ھازىرقى گۈزەل تۇسكە كىرگۈزگەن. تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي روھىنى ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا سىڭدۇرۇپ، تاۋلاپ، پىششىقلاپ، كىشىگە ئارامبەخش ئاتا قىلالايدىغان ھالەتكە كىرگۈزگەن. بۈگۈنكى كۈندە دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلدى، خەلق بېيىدى، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىمۇ بارغانسېرى ئاشتى. شۇڭا، پارتىيە ـ ھۆكۈمىتىمىز مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، توپلاپ رەتلەش، قۇتقۇزۇش، قوغداش، ئۇنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى، بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تېخىمۇ ياخشى جۇلالاندۇرۇپ، بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇشنى تەكىتلەپ

كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەنئەتكارلار ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، ئامما بىلەن ئارىلىشىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىپ، ئامما ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان، قەدىمىيلىكتە ئىگە، ئاممىباب، مەزمۇنى ساغلام بولغان خەلق ناخشىلىرىنى قېزىپ، رەتلەپ، ئۆگىنىشى، ئۇنى تېخىمۇ تاۋلاپ، پىششىقلاپ، ئاممىغا سۇنۇشى كېرەك.

خەلق ناخشىلىرى تەرەققىي قىلىش داۋامىدا، كونا جەمئىيەتتىكى بەزى ئىدىيەۋى چەكلىمىلىكلەردىن، قىسمەن مەنىۋى نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان. شۇڭا، خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتقۇچىلار بۇ نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، فائچېنلىرىغا ئۇيغۇن بولغان ناخشا تېكىستلىرىنى تېخىمۇ موللاشتۇرۇشى كېرەك. سەنئەتكارلار خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنلاشتا «مېغىزىنى ئېلىۋېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ساغلام بولغان خەلق ناخشىلىرىنى سۇنۇشى لازىم.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يېقىندىن بۇيان بىر قىسىم سەنئەتكارلار ۋە ئۆزلىرىنى «سەنئەتكار» دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر خەلق ناخشىلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىپ، خالىغانچە مەزمۇن قوشۇپ، ئاھاڭى ۋە مېلودىيەسىنى بۇزۇپ، ئاتالمىش « ئىسلاھاتچى»، «ئىجادىيەتچى» بولۇۋالدى. بۇ ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ساقلىنىپ كەلگەن خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئوبرازىغا دەخلى يەتكۈزگەنلىك، خەلق ناخشىلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىك. بۇ خىل ساغلام بولمىغان قاراشلارغا رەددىيە بېرىش ۋە مۇنداق ناچار قىلمىشلارنى توسۇش، چەكلەش لازىم. خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئوبرازىنى ساقلاش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ بىباھا سەنئەت مىراسىنى قوغداش زۆرۈر.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى زامان، ماكان جەھەتتىن ئۇزاق تارىخقا، كەڭ ۋە كۆپ خىل يەرلىك ئالاھىدىلىككە، ئاھاڭ، كۈي، مۇزىكا، تېكىست جەھەتتە روشەن خاسلىققا ئىگە. مەسىلەن، غۇلجا خەلق ناخشىلىرى، خوتەن خەلق ناخشىلىرى، قەشقەر خەلق ناخشىلىرى، قومۇل خەلق ناخشىلىرى، كۇچا خەلق ناخشىلىرى، چەرچەن خەلق ناخشىلىرى، ئاتۇش خەلق ناخشىلىرى، قاغىلىق ئېتىز ناخشىلىرى ... قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى ئۆزگىچە پۇراققا، ئاھاڭ، تېكىست، مۇزىكا جەھەتتە روشەن ئۆزگىچە رەڭ ۋە پۇراققا ئىگە. بۇلار ئەنە شۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى گۈزەل بىر تۈسكە كىرگۈزگەن. شۇڭا، سەنئەتكارلار بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى چۈشىنىشى، ناخشا تېكىستلىرى، شېۋە پۇراقلىرىنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى بىلىشى كېرەك. سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنى ئاشۇ ناخشا بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تارىخىي شارائىت ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ، شۇ ناخشا تېكىستىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قايغۇ ـ ھەسرەت ياكى خۇشاللىقنى ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەپ، ناخشا مەزمۇنىغا سىڭىپ كىرىپ، ناخشىنى توغرا ھېسسىيات ۋە كەيپىيات بىلەن ئېيتىشى كېرەك؛ قايغۇ ـــ ھەسرەتلىك ۋە مۇڭلۇق ناخشىلارنى خۇشاللىق بىلەن، شاد ـ خۇراملىق مەزمۇنىدىكى ناخشىلارنى مۇڭلۇق كەيپىيات بىلەن ئېيتىدىغان، ھاماقەتلەرچە ياكى دەلدۈشلەرچە قىلىقلارنى قىلماسلىقى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ناخشىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرى، چىراي ئىپادىسى ۋە ھەرىكەت ئىپادىسىدە نامايان قىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئويغىتىپ ۋە ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىلى بولىدۇ.

ناخشا ئېيتىش ـــ ياۋروپا ئۇسلۇبىدا (گۈزەل ئاۋازدا) ناخشا ئېيتىش، ئاممىباب ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش، مىللىي ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش، ئەسلىي(ئىپتىدائىي) ھالەتتە ناخشا ئېيتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر قىسىم ياشلار خەلق ناخشىلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىپ، بۇزۇپ، ئۆزىچە

يىلانغا پۇت چىقىرىپ، مۇشۇككە قاراپ يولۋاس سىزىپ، «ئىجاد قىلدۇق» دەپ، خەلق ناخشىلىرىنى ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان، غەلىتە بىر نەرسە قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. مۇنداق «ئىجادىيەت»لەر جەمئىيەتتە تارقالغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئارىسىدا قارشى ئېلىنمايلا قالماستىن، ئەكسىچە نارازىلىق پەيدا قىلماقتا، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولغان خەلق ناخشىلىرىغا ياخشى بولمىغان تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. شۇڭا، سەنئەتكارلار نام چىقىرىشقا ئالدىرىماي، ئۆزلىرىنىڭ ئاۋاز ئالاھىدىلىكىنى، بىلىم قۇرۇلمىسىنى، كەسپىي ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىپ، ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبىنى ئۆزىگە ماس ھالەتتە تاللاپ، خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتقاندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ ياقتۇرۇشىغا ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلەيدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ناخشىچىلار ئۈچۈن ناخشا تېكىستلىرىنى تاللاش ئىنتايىن مۇھىم. مەيلى كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىن مۇقاملار بولسۇن، خەلق ناخشىلىرىدىن چەرچەن تاغ ناخشىلىرى ۋە ياكى قاغىلىق ئېتىز ناخشىلىرى بولسۇن ۋە ياكى قومۇل خەلق ناخشىلىرى بولسۇن، ھەر بىر كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئاۋاز ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ ناخشا تاللاپ ئېيتىشى، ناخشا ئېيتقاندىكى پۇراق يەرلىك خەلق پۇرىقى بىلەن ئوخشاش چىقىشى كېرەك. كۆپ ساندىكى خەلق ناخشىلىرىدىكى تېكىستلەر خۇددى ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا تورۇۋاتقان سىرلىرىمىزنى بىزگە ئەينەن سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇ قوزغاپ، كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. بىراق، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، قىسمەن تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا، تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە تىل ئالاھىدىلىكى ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئۆزگىرىپ كەتكەن، يەنى خەلق ناخشىلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، يۇرتتىن ـ يۇرتقا كۆچۈش جەريانىدا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلاردىن بىر قىسمىنىڭ ئەسلىي تېكىستلىرى ئالمىشىپ كەتكەن ياكى ئۆزگىرىپ كەتكەن. يەنە كېلىپ خەلق ناخشىچىلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ساۋاتسىز بولۇپ، ئۇلار ناخشا تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنىغا، ئەينەنلىكىگە ئېتىبار بەرمەي، پەقەت ئۆزلىرى ئاڭلىۋالغانلىرى بويىچىلا ناخشا ئېيتىشىپ كەلگەن. شۇڭا، بىر خىل ناخشىنىڭ خىلمۇخىل ۋارىيانتلىرى بارلىققا كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندىكى مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن كەسپىي ناخشىچىلار خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنلىغاندا تېكىست مەزمۇنىغا ئېتىبار بېرىشى، ئەسلىدىكى ھەقىقىي تېكىست مەزمۇننى تېپىپ چىقىشى، ئەڭ توغرا، ئەڭ ئۆلچەملىك تېكىست ۋە ئاھاڭنى ئاساس قىلىپ ناخشا ئېيتىشى زۆرۈر. ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا ئۆزگىرىپ كەتكەن ناخشا تېكىستلىرىنى ياكى ئۆزگىرىپ كەتكەن مەلۇم ئاھاڭنى ئاساس قىلىۋېلىپ، «ئۆز ئەينى بويىچە ئېيتتىم» دەپ، تېكىست مەزمۇنىغا ۋە ئەينەنلىكىگە ئېتىبار بەرمەيدىغان خاتالىقتىن ساقلىنىشى، ناخشىلارنى ئورۇنلىغاندا چوقۇم ئەسلىي پۇراق بويىچە ئېيتىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا خەلق ناخشىلىرىغا تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلغىلى، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىغىلى، ئۇنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى مەنىۋى رولىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

(ئاپتورى: شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى مۇقام ئانسامبىلىدا)

ئىسرائىل مۇتىللا

# قەدىمكى ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېبابەتتە ئىشلىتىلىشىگە نەزەر

ئۆسۈملۈكلەردىن ئوت (دورا) ياساش ۋە ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلىشى

قەدىمىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن تۇرپاندىن تېپىلغان بىر قىسىم ئەمچىلىككە ئائىت يادىكارلىقلار ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىنغان ئەمچىلىك ئىشلىرىمىزغا ئائىت بايانلار شۇ دەۋردە ئەمچىلەرنىڭ ئىگ (كېسەل) ئاغرىقلارنى ئەملەش (داۋالاش)، ئوتاداش (دورا بېرىش) جەريانىدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن قانداق پايدىلىنىش ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپلا قالماي، يەنە شۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاغرىقلارنى ئەملەش داۋامىدىكى، ئوت (دورا)لۇق رولى، خۇسۇسىيىتى ھەققىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرپاندىن تېپىلغان تېبابەتكە ئائىت يازما ۋەسىقىلەردە ھەر خىل ئۆسۈملۈك ۋە مېۋىلەرنىڭ قانداق ئاغرىققا ئىشلىتىلىشى ھەققىدىمۇ باھاسى ئالتۇنغا تەڭ ئۇچۇرلارنى بەرگەن، بۇ بايانلار بۈگۈنكى كۈندە ئەم (تېبابەت)چىلىك ئىشلىرىمىزدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغاچقا مەزكۇر ماقالىدە بۇ ھەقتىكى بايانلار بىرقەدەر تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىكى ئوت(دورا) ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۆسۈملۈك بولۇپ، يازما يادىكارلىقلاردا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەمچىلىك ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىشى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلار ھازىرمۇ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگىدۇر. بۇ مەلۇماتلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئۇچۇن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىكىمىزنى ئەكس ئەتكۈزگەن باشقا مەلۇماتلار ئاساسىدا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رولى، ئىشلىتىلىشى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق. ئالدى بىلەن ئوت سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۆسۈملۈك، دەرەخلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئوت(دورا) ۋە ئەملەش ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن باشلايمىز.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» (مەزكۇر ماقالىدە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دەپلا ئېلىنىدۇ)دا بايان قىلىنغان ئوت(دورا)ھەققىدىكى بايانلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىك ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالى ھەققىدە بەلگىلىك ساۋاتلارغا ئېرىشەلەيمىز. «دىۋان»دا ھازىرقى تىلىمىزدىكى دورا سۆزى «ئوت» ئاتالغۇسىدا ئايان بولىدۇ. «ot. ئوت، دورا»[1]. بۇ ئاتالغۇنىڭ كېلىپچىقىشى ئۆسۈملۈك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ھەقتە «دىۋان»دا، «ot. ئوت. ئۆسۈملۈك. ئوت ئۈندى»[2]. «ot. ئوت. مال يەيدىغان ئوت ـ چۆپ» دېگەن ئېنىقلىمىلارمۇ ئۇچرايدۇ. دورا مەنىسىدىكى ئوت بىلەن ئۆسۈملۈك مەنىسىدىكى ئوتنىڭ ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىشى، يېزىلىشى، شۇنداقلا «دىۋان»دا بايان قىلىنغان دورا، يەنى ئوت

ھەققىدىكى بايانلارنىڭ كۆپى، يەنى «توبۇلغاق»، «ئۆترۈم»، «قاياچۇق»، «بەزىنچ» قاتارلىق دورىلارنى ئىزاھلىغاندا ئۆسۈملۈك دەپ ئىزاھلىنىشى بىزگە ئەجدادلىرىمىز بايقىغان ئەڭ دەسلەپكى دورىلارنىڭ ئۆسۈملۈك دورىلار ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۆسۈملۈكتىن ئېلىنىپ ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بارلىق دورىلارنى «ئوت» دەپ ئاتاشقا باشلىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تەجرىبە ئارقىلىق ئەمچىلىك ئىشلىرىدا ئوت ـ چۆپلەردىن پايدىلىنىشقا باشلىغان. قەدىمكى دەۋردە كىشىلەر ياشاش جەريانىدا ئاچ قالغاندا ئۆلمەسلىك ئۈچۈن يېگىلى بولىدىغان بىر قىسىم يېمەك ـ ئىچمەكنى تەبىئەتتىكى تەييار ئۆسۈملۈك، دەرەخلەردىن ئالغان. بۇ جەرياندا بەزى پايدىلىق ئوتلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تونۇپ يەتكەن. زىيانلىق ئوتلار ھەققىدىمۇ بەلگىلىك ساۋاتقا ئىگە بولۇپ، پەرقلەندۇرۇپ پايدىلىنىشقا باشلىغان. «ot. ئوت. ئوغا. زەھەر» [4] ئىبارىسىنىڭ ئوخشاشلا ئوت دەپ ئاتىلىشى دەل تەبىئەتتىكى زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈملۈك ئىكەنلىكىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ بارلىققا كەلگەن. «ئوت ــ دورا»، «ئوت ــ زەھەر»دىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ يىلتىزى دەل «ئوت ــ ئۆسۈملۈك»تىن ئىبارەت.

«دىۋان»دا يەنە مەيلى «ئوت ــ دورا» ۋە «ئوت ــ زەھەر» ھەققىدىكى بىر قىسىم بايانلاردا مىنېرال ماددىلاردىن تەركىب تاپقانلىرىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك، مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ئىزدىنىش، شۇنداقلا تاسادىپىيلىقلار داۋامىدا بەزى مىنېراللارنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئايان بولۇپ، ئەمچىلىك ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن. بۇلارنىڭ نامى بولسا قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئەڭ دەسلەپكى بايقاش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن نام «ئوت» بىلەن ئاتالغان. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئۆسۈملۈكلەردىن مىنېرال ماددىلارغا كۆچۈشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى مىنېرال دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى پىششىق بىلىدىغان ئەمچى ـ ئوتاچىلار تەرىپىدىن تاماملانغان. مەيلى ئۆسۈملۈك ياكى مىنېرال دورىلارنىڭ نامى بولغان «ئوت» ئاتالغۇسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇشۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بايقىغۇچىلار، ئىشلەتكۈچىلەرگىمۇ نام بولۇپ كۆچكەن. «ot. ئوت . دورا . ئوت ئىچتىم دورا ئىچتىم. تېۋىپ مەنىسىدىكى ئوتاچى دېگەن سۆز ئەنە شۇ سۆزدىن ياسالغان» [5] دېيىلگەن ئىزاھ بىزگە ئوت سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى، قوللىنىلىشى ھەققىدە ئىخچام مەلۇماتلانى قالدۇرغان.

**ئۆسۈملۈك ئوت (دورا)**

«دىۋان»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئوت (دورا)لار ئىچىدىكى ئۆسۈملۈك ئوت (دورا)لار ھەققىدە بېرىلگەن بايانلار بىزگە ئۆسۈملۈك ئوت (دورا)لار ئىچىدە تەبىئىي پېتى ئىستېمال قىلىنىدىغان، ئوت (دورا)لىق خۇسۇسىيىتى بارلار، پىششىقلاپ ئىشلىنىپ ئوت (دورا) ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدىغانلار، قوۋزىقى، يىلتىزى، يوپۇرماقلىرى، ئۇرۇقلىرى ئوت (دورا)لىق رولىنى ئۆتەيدىغانلار ھەققىدە مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

بۇ خىل ئۆسۈملۈك ئوت (دورا)لار ھەققىدىكى بايانلار شۇ دەۋردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى، رولى ھەققىدە مەلۇم يازما خاتىرىلەرنىڭ بارلىقى، ھېچبولمىغاندا ئەم ـ ئوتاچىلىق بىتىك (كىتاب)لىرىگە پۈتۈلگەن ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدىكى سىناقلاردىن ئۆتكەن رېتسېپلارنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

**بىۋاستە ئوت (دورا)لىق خۇسۇسىيىتى بار ئۆسۈملۈكلەر**

ئەمچىلەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش داۋامىدا بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىگ ئەملەش (كېسەل

داۋالاش) رولى ھەققىدە يەكۈنلەش خاراكتېرىدىكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەن. ئۇسسۇملۇقلارنىڭ پايدىلىق رولى توغرىسىدا ئەمچىلەردىن باشقا يەنە ھايۋاناتلارمۇ ئىنسانلارنى دەسلەپكى يەكۈنلەر بىلەن تەمىنلىگەن. كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا بەزى ئوت ئۈسسۇملۇكلەرنىڭ ماللارنى سەمرىتىش رولىغا دىققەت قىلىشقان، بەزى ماللارنىڭ ئوتلاش جەريانىدا يېگەن ئۈسسۇملۇك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىشى ياكى ئاغرىق ماللارنىڭ بەزى ئوتلارنى يەپ ساقىيىپ قېلىشى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى تەبىئىيلا ئۈسسۇملۇكلەرگە قاراتقان. ئەمچىلەرنىڭ يەكۈنلىرى ۋە ئەل ئىچىدە توپلانغان بۇ ئۇچۇرلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ئۈسسۇملۇك ئوتلار ھەققىدە تېرەن مەلۇماتلارنىڭ قەلەمگە ئېلىنىشىنى ۋە ئەمچىلىكتە كۆپلەپ ئىشلىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ خىل ھالەت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەندەك، ئۈسسۇملۇك مەنىسىدىكى ئوت ئاتالغۇسىنىڭ دورا مەنىسىدىكى ئوت ئاتالغۇسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «دىۋان»دا بۇ خىل بىۋاسىتە ئوت (دورا)لىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۈسسۇملۇكلەر ھەققىدە «tobulqak. بىر خىل دورا ئوت»[6]، «qahxu. چاخشۇ كۆز ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئوت»[7]، « ötrüm: ئۆترۈم، سۈرگە دورىسى، سۈت ئۆترۈم ـــ سۈت ئوت»[8]، «بەزىنچ. غولى ۋە يوپۇرماقلىرى قىزىل بىر خىل ئۈسسۇملۇك بولۇپ، باغلاردا ئۆسىدۇ، دورا قاتارىدا يېيىلىدۇ» [9] دېگەن مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. بۇ بايانلارنى بۇ خىل ئۈسسۇملۇكلەرنى بىۋاسىتىلا ئوت (دورا) قاتارىدا ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مىساللار، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**ئوت (دورا) ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسسۇملۇكلەر**

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئۈسسۇملۇكلەر ئىچىدىكى بىۋاسىتە ئوت (دورا)لىق خۇسۇسىيىتى بارلار ھەققىدىكى بايانلاردىن تاشقىرى يەنە بىر قىسىم ئوت (دورا) تەييارلاشتا خورۇچلۇق رولىنى ئۆتەيدىغان، كەم بولسا بولمايدىغان ئۈسسۇملۇكلەرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. « toy ot. توي ئوت، دورا قىلىدىغان بىر خىل ئوت» [10] دېيىلگەن مەلۇمات ئوت (دورا) تەييارلاشتا كېرەكلىك بولىدىغان ئۈسسۇملۇكلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇ خىل ئۈسسۇملۇكلەرنىڭ باشقا ئۈسسۇملۇك ياكى مىنېراللار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، پۇراق، تەمىنى تەڭشەش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىشلىتىلىدىغانلىقى مەلۇمدۇر. « kayaquk. قاياچۇق، تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل خۇش پۇراقلىق ئۈسسۇملۇك. مەن بۇنى زەپىرانمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن»[11]، «mud zarqoniq : زارغونچ مۇد، رەيھانى چىنى. خۇش پۇراق بىرخىل ئۈسسۇملۇك»[12]، «xamxa. شامۇشا، يېگىلى بولىدىغان بىر خىل خۇش پۇراق ئوت»[13]، «sarkaq. سارقاچ، كاسنى كۆكچېچەك» [14] قاتارلىق ئۈسسۇملۇكلەر شۇ دەۋردە ئەمچىلىك ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن.

**ئوت (دورا) لىق ئۇرۇقلار**

قەدىمىي ئەمچىلىك ئىشلىرىمىزدا ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىشلىرى نەتىجىسىدە ئۈسسۇملۇك ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەر خىل ئاغرىقلارنى ساقايتىشتىكى رولىنى يەكۈنلەپ چىققان. ئۈسسۇملۇك، زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى ئەمچىلىكتە ئىشلىتىش ئۇستا ئەمچى، ئوتاچى، ئاتا ساغۇنلارنىڭ تەكرار سىناقلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالدا ئەل ئارىسىغا تارالغان، ئۇرۇقلاردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل ئوت (دورا)لارنى ياساش ئىنتايىن يۇقىرى ئەمچىلىك بىلىك (بىلىم) نى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، ھەر خىل ئۇرۇقلارنىڭ زەھەرلىك، زەھەرسىزلىكىنى ئايرىيالايدىغان، قانداق ئىگ، ئاغرىقلارغا ماس كېلىدىغانلىقى ھەققىدە تەجرىبە توپلىغان ئەمچىلەرنىڭ قولىدىلا ئاندىن

ئوت (دورا)غا ئايلانغان. ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنى ئايرىش، مىقدارىنى بەلگىلەش، تەبىئىي پېتى ئىشلىتىش ياكى باشقا خۇرۇچلار بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىش، مەلھەم تەييارلاش قاتارلىقلاردا نازۇك تېخنىكىلىق ھالقىلار بولغان. شۇ دەۋرلەردە ئوت (دورا) تەييارلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەت ئۇرۇقلىرىدىن «دىۋان»دا «zaranza، زارانزا zaranza uruq — زارانزا ئۇرۇقى» [15]، «yïzïqot ئادراسمان. قەشقەر تىلىدا» [16]، «əldrük، ئادراسمان ئۇرۇقى» [17]، «bibli، پىلپىل» [18]، «batmul، پىلپىل» [19]، «murq. مۇچ، قارىمۇچ» [20]، «sunu، سىيادان» [21]، «yaq ügüri — كۈنجۈت» [22] قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان. بۇ خىل ئۇرۇقلارنىڭ تەييارلىنىشى ۋە ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە «سوقتۇردى. ئول مۇرچ سوقتۇردى — ئۇ قارىمۇچ سوقتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق» [23] دېگەن ئۇچۇرنى مىسال سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشنى زۆرۈر دەپ قارىدۇق. شۇ دەۋرلەردە ئۇرۇقلارنىڭ ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە «دىۋان»دا توختالمىغان، ئەمما «دىۋان»غا دەۋرداش ۋە ياكى بۇرۇنراق پۈتۈلگەن باشقا يازما يادىكارلىقلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇرۇقلارنى ئاغرىقلارنى ساقايتىش ئۈچۈن كۆپلەپ ئىشلەتكەنلىكى مەلۇمدۇر. بۇ مەلۇماتلار ئابدۇقېيىم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھەرخىل ئاغرىقلارنى ساقايتىشتا ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى مۇھىم رولىلارنى ئوينىغان. بۇ مەلۇماتلارنى شۇ دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمچىلىك ئىشلىرى ۋە نەتىجىلىرى قاتارىدا «دىۋان»دىكى ئۇرۇقلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا ياندىشتۇرۇپ تىلغا ئېلىشنى زۆرۈر، دەپ قارىدۇق. تۆۋەندىكىسى «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن ئەسەردىكى ئۆسۈملۈك ۋ دەرەخلەرنىڭ ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلىشى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار:

«يۈرەك سىقىلماق تىن بۇسماقنىڭ چورنىسى(:) نارا ئۇرۇغى قارا تۇز بىشىغ سىڭىر سىرىچاقان تۇز ئولۇش چورنى قىلىپ مۇنتە ئىچسەر يۈرەك سىقىلماق تىن بۇسماقغە ئەدگۇ قىلۇر.

يۈرەك سىقىلىش ۋە دەم بوغۇشنىڭ داۋاسى: ئانار ئۇرۇقى، قارا تۇز، پىششىق سىڭىر، سىرىنچاقلارنى تەڭ مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ شورپا بىلەن ئىچىپ بەرسە، يۈرەك سىقىلىش، دەم بوغۇلۇشنى ساقايتىدۇ»[24]

«تىشى كىشى تۇشۇرەيىن تىسەر ئىت سۈتىن ئىچگۈل، بات تۇشەر ئەۋسى تۇشمەسەر قىسىرىن ئۇرۇغىن ئاغى ئاراسى ئاراسىندا تۇدۇسگۇ ئول، بات تۇشەر.

ئايال كىشى(قورسىقىدىكى) بالىنى چۈشۈرۈۋېتەي دېسە، ئىت سۈتىنى ئىچسۇن، تېز چۈشىدۇ. بالا ھەمراھى چۈشمىسە، قىچا ئۇرۇقىنى كۆيدۈرۈپ چاترىقىنى ئىسلاپ بەرسە تېز چۈشىدۇ»[25]

«ئاداق ئاغرىقا ئەم (؛) كونچىتىگ قاۋرىپ لان سوغۇپ قۇيىن سۈتى بىرلە قادىشتۇرۇپ ئاغرىغ يىركە ياقسار (،) يىىل تۇزلۇگ ئاغرىغ ئوڭەتۇر (.)

پۇت ئاغرىقىغا داۋا: كۈنجۈتنى قورۇپ ياخشى سوقۇپ، قوي سۈتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاغرىغان يەرگە يېقىپ بەرسە، يەلدىن بولغان پۇت ئاغرىقى ئوڭلىنىدۇ» [26]

يۇقىرىقى تۇرپاندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلىنىپ قالغان ئەمچىلىك ئىشلىرىدا ئۇرۇقلارنىڭ ئاغرىقلارنى ئەملەشتىكى ئىشلىتىلىش جەريانى، رولى ھەققىدىكى بايانلار «دىۋان»دىكى ئۇرۇقلار ھەققىدىكى بايانلارغا ياندىشىپ، شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىك ئىشلىرىدىكى يەكۈنى سۈپىتىدىلا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى، خەلق ئىچىدە ئۇرۇقلارنىڭ ئاغرىقلارنى ساقايتىشتىكى رولى ھەققىدە بەلگىلىك ساۋاتلارنىڭ تارقالغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

يىلتىز ئارقىلىق ئەملەش ھەققىدىكى خاتىرىلەر

قەدىمىي ئەمچىلىك ئەنئەنىمىزدە يەنە دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزلىرىمۇ ئىگىلەرنى ئەملەشتە ئىشلىتىلگەن. بۇ ھەقتە «دىۋان»دا بىرقانچە مىساللار بېرىلگەن. بۇ مىساللارنىڭ بىرى «ulyan. ئۇلەن، خۇش پۇراق بىر خىل ئۆسۈملۈك يىلتىزى، يېگىلى بولىدۇ» [27] دېگەن قىممەتلىك ئۇچۇر بولۇپ، بۇ خىل خۇش پۇراق ئۆسۈملۈك يىلتىزىنى يېگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات يەنە ئۇنىڭ ئەملەش رولى بارلىقىنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ. ئەمچىلىكتە بىۋاسىتە ئىشلىتىلىدىغان، قانداق ئاغرىقنى ئوتادايدىغان (داۋالايدىغان)لىقى مەلۇم بولغان ئوت (دورا)لىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۆسۈملۈك يىلتىزى ئېگىر ھەققىدە بىر تەپسىلىي ئىزاھاتتىن باشقا يەنە بىر ماقال ـ تەمسىلمۇ بېرىلگەن. «ئەگىر. ئېگىر. قورساق ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك يىلتىزى. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: ئەگىر بولسا ئەر ئۆلمەس. يەنى، ئېگىر ساقلىغان ئادەم قورساق ئاغرىقىدىن ئۆلمەيدۇ. چۈنكى، قورساق ئاغرىقىغا دۇچار بولغان ئادەم ئۇنى يېسە ساقىيىدۇ. بۇ ماقال ھەر ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ»[28]. بۇ مەلۇماتتا مۇھىملىقى ۋە توسۇ (شىپا)لىقى بىلەن ئەل ئارىسىغا مەشھۇر بولغان بۇ خىل ئۆسۈملۈك يىلتىزىنىڭ قانداق ئاغرىققا تۇسۇ (شىپا) بولىدىغانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنغان،

ئەمچىلىكتە ئىنتايىن مۇھىم بولغان، ئەل ئارىسىدا ئەتىۋارلىنىدىغان ئۆسۈملۈك يىلتىزى ھەققىدە «sïɣun بوغا، يىلتىزى ئادەمگە ئوخشايدۇ، جىنسىي ئاجىزلىققا داۋا بولىدىغان گىياھ. «سىغۇن ئوتى ئادەمگىياھ، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئوتنىڭ ئەركىكى ۋە چىشىسى بولۇپ، ئەركىكى ئەرلەرگە، چىشىسى ئاياللارغا ئىشلىتىلىدۇ» [29]. بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار تۇرپاندىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ يادىكارلىقلاردا ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرىنىڭ قانداق ئاغرىقلارغا پايدا قىلىشى، قوشۇپ ئىشلىتىلىدىغان ئوت (دورا)لىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان. بۇ ھەقتىكى بايانلار مۇنداق تىلغا ئېلىنىدۇ.

«تولغاق بولۇپ سۇنەمسەر، ئۆسقۇنىڭ قاسقىن يىلدىزى بىرلە يوغوردقا توقوپ ئىچۆرزۆن، سۇنەر.

تولغاق بولۇپ ساقايمىسا، سوغىيازنىڭ پوستى بىلەن يىلتىزىنى سوقۇپ قېتىقتا قوشۇپ ئېچىپ بەرسە ساقىيىدۇ» [30]

«تۇماغۇ بولۇپ كىدمەسەر(،) سۇغۇن ساقالى سادۇن ساقالى بىرلە سوقۇپ ساغ ياغقا يۇغۇرۇپ ئىسلەسەر ئالقۇ تۇماغۇغا ياراشۇر.

تۇمۇ (زۇكام) تېگىپ ساقايمىسا، پىياز يىلتىزى بىلەن سامساق يىلتىزىنى سوقۇپ ئۇنىنى پاكىز ماي بىلەن يۇغۇرۇپ ئىسلانسا، ھەرقانداق تۇمۇغا پايدا قىلىدۇ»[31].

قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزدە ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرى ئارقىلىق ئاغرىقلارنى ئەملەش ھەققىدىكى بۇ خاتىرىلەر بەلكىم بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمىسە كېرەك. شۇ دەۋرلەردە «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنمىغان، ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەرنىڭ يىلتىزىنى مەنبە قىلىپ ئوت (دورا) تەييارلاش ئىشلىرى ئەل ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە قوللىنىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

دەرەخ

«دىۋان»دا شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ نامايەندىسى بولمىش ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىپ ئەملەشتىن تاشقىرى يەنە ھەر خىل دەرەخلەر، جۈملىدىن دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنىڭ پوستى، يېلىملىرى، يوپۇرمىقى ۋە باشقا يەرلىرىدىن ئوت (دورا) ياسايدىغانلىقى مەلۇمدۇر. بۇ خىل دەرەخلەرنىڭ ئوت (دورا)لىق رولى ھەققىدە توختالغاندا شۇ دەرەخنىمۇ قوشۇپ تىلغا ئالىدۇ.

بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە «tawoqaq. تاۋغاچ يىداسى، يوپۇرماقلىرى سەۋسەن گۈلىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان ۋە دورا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ» [32] نى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

**قوۋزاق، پوستى ئوت (دورا)لىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە دەرەخلەر**

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئوت (دورا)لىق رولىغا ئىگە دەرەخلەر بايان قىلىنغاندا، كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدىغىنى، مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ پوستىدۇر. «دىۋان»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ خىل دەرەخلەر مېۋىلىك دەرەخلەر بولۇپ، مېۋىسىنىڭ پوستىدىن باشقا يەنە مېۋە سۈيىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر بولغان يەم (تېتىتقۇ) رولىغا ئىگە بولغان. «taqna yawa : تاغنا ياۋا، كاسنى دەرىخىنىڭ پوستى، بەزى كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. قېتىقتا ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۈيۈقئاشقا سالسا، ئاش رەڭگى تۈزۈلىدۇ» [33]. بۇ باياندا بۇ خىل دەرەخ قوۋزىقىنىڭ زادى قانداق ئاغرىققا ئەم (داۋا) بولىدىغانلىقى ئېنىق دېيىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوت (دورا)لىق خۇسۇسىيىتى ھەققىدە توختىلىشىدىن بىرقانچە خىل ئاغرىققا مەنپەئەت قىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

يەنە بىر قىسىم مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋە پوستىلىرىنىڭ زادى قانداق ئاغرىققا توسۇ (شىپا)لىقى مەلۇمدۇر. «avïlku. ئاۋۇلقۇ، قىزىل مېۋە بېرىدىغان بىر خىل دەرەخ، مېۋىسىنىڭ سۈيى ئاشقا قۇيۇلىدۇ، پوستى بىلەن كۆز ئاغرىقى داۋالىنىدۇ» [34]، «yakïrkan. ياقىرقان، پىندىق چوڭلۇقىدا مېۋىسى بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈك، كالپۇك شامالدا يېرىلغاندا ئۇنىڭ پوستىنى چاپلاپ قويسا ساقىيىپ كېتىدۇ» [35]

بۇ بايانلار ئەمچىلىك ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپلا قالماي، يەنە يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىمىز ھەققىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ. قەدىمىي ئەمچىلىك تارىخىمىزدا يېمەكلىك ئارقىلىق ئاغرىقلارنى ئەملەشمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. يۇقىرىقى بايانلارنى مەلۇ نۇقتىدىن يېمەكلىك ئارقىلىق ئەملەش ئىشلىرىمىزنىڭ «دىۋان» ئارقىلىق ئايان بولۇشى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

بۇ خىل بايانلار تۇرپاندىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىكى دەرەخنىڭ قوۋزاق، پوستىنىڭ ئاغرىقلارغا پايدا قىلىشى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا يېقىن كېلىدۇ. بۇ ئۇچۇرلار شۇ دەۋردە ئوخشىمىغان ئىدېئولوگىيەدە ياشاۋاتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمچىلىك جەھەتتە قەدىمكى ئەنئەنە ئاساسىدا شەكىللەنگەن ماتېرىياللاردىن ئورتاق پايدىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىز مەزمۇن ئېھتىياجى بىلەن «دىۋان»دىكى ئۇچۇرلارغا يانداشتۇرۇپ تۇرپان تېكىستلىرىدىكى بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقىشنى توغرا تاپتۇق.

«كوز ئاغرىغ ئەمى: كىشى ئۆدى، توڭۇز ئۆدى، ئەچكۈ ئۆدى، تاۋىشقان ئۆدى بۇ تۆرتەگۈتە قايۇسى بولسار، (قارا) قاراقاچ ئىغاچ قاسقىن ئوتتا كۆيۈرۈپ، كۈل ـ ىن ئالىپ، سوۋ ـ قا يۇغۇرۇپ، كۆزكە ياقغۇ ئول، بات ئەدگۈ بولۇر.

كۆز ئاغرىقىنىڭ ئەمى (داۋاسى): (قارا) قارىياغاچ قوۋزىقىنى ئادەم ئۆتى، چوشقا ئۆتى، ئۆچكە ئۆتى، توشقان ئۆتى ــ بۇ تۆتىنىڭ قايسىسى بولسا بولىۋېرىدۇ ــ بىلەن كۆيدۈرۈپ كۈلىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، تېز ساقىيىدۇ» [36].

«قايۇ كىشىنىڭ قاغۇقى تۇدۇنسار، تۇلۇگ ئەرۈكنىڭ قاسقىن ئالىپ قاشانىغ يولىڭا ئورغۇ ئول، بات قاشانۇر.

قايسى كىشىنىڭ سۈيدۈك يولى توسۇلۇپ قالغان بولسا، تۈكلۈك ئۆرۈكنىڭ پوستىنى ئېلىپ سۈيدۈك

يولغا كىرگۈزسە، سۆيدۈك يولى ئېچىلىدۇ» [37]

«يانا ئۈدۈركە ئەم (:) ئىت بورۇننىڭ قاسىقى بىر باقىر چۇسۇم سۆگۈتنىڭ يۇرۇڭ قاسىقى بىر باقىر بۇدا تۇبى بىر باقىر...ك قادىڭ سۆۋقا بىر...سالىپ بىر قادىڭ قالمىشتا بۇ ئۈچ بۇ... بىر گەرۇ سالىپ قايىنتۇرۇپ ئىچگۈل نەگۇ كىم... كىچە يادمىشتا ئىچگۈل(،) سىنامىش ئەم ئول (.)(تىشى كىشىنىڭ) ئەمگى شىشىپ ئاغراسار(،) تىلڭ...نىڭ تۇ... نى بورچاقچا يۇم...ئىچۇر(،) ئەدگۇ بولۇر...

ئىچ سۇرۇشكە داۋا: ئىتئۈزۈمىنىڭ قاسىرىقىدىن بىر باقىر، ئاق ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن بىر باقىر، ئۈزۈم يىلتىزىدىن بىر باقىر...قاچا سۇغا بىر...سېلىپ بىر قاچا قالغاندا بۇ ئۈچ بۇ...بىرگە سېلىپ قايىنتىپ ئىچسە، كىمكى...كەچتە ياتقاندا ئىچىشى كېرەك. ئايال كىشىنىڭ كۆكسى ئىششىپ ئاغرىسا، تىلڭ...نىڭ تۇ...نى پۇرچاقتەك (يۇمۇلاق)...ئىچۈرۈپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ». [38]

**يوپۇرمىقى دورا**

قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى دەۋرلەردە ئۆسۈملۈك ۋە دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ ئاغرىقلارنى ئەملەش ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان خۇرۇچلارنىڭ بىرىدۇر. «دىۋان»دا يوپۇرماقلارنىڭ ئاغرىقلارغا ئىشلىتىلىشى ھەققىدە بەزى بايانلارنىمۇ بېرىدۇ. بۇ بايانلار ئارىسىدا «yalpuz يالپۇز»[39] ئۆزىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھېلىھەم ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. قەدىمىي دەۋردە ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلگەن، بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ئىسمى نامەلۇم بولغان بىر خىل گۈللۈك ئۆسۈملۈك ھەققىدە «bazniq. بازنىچ، گۈلى ۋە يوپۇرماقلىرى قىزىل بىر خىل ئۆسۈملۈك، باغلاردا ئۆسىدۇ، دورا قاتاردا يېيىلىدۇ»[40] دېيىلگەن بايان ئارقىلىق گۈلى ۋە ياپراقلىرى ئاغرىقلارنى ئەملەشتە قىممىتى بولغان دەرەخ ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە بولسا تۆۋەندىكى باياندىن بەزى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىمىز. «tawɑqaq. تاۋغاچ، تاۋغاچ يىداسى، يوپۇرماقلىرى سەۋسەن گۈلىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان ۋە دورا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ» (32 ـ ئىزاھ بىلەن ئوخشاش). مەزكۇر مەلۇمات بىزگە ۋاستىلىك ھالدا سەۋسەن گۈلىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭمۇ ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلگەنلىكىدىن ئۇچۇر قالدۇرىدۇ. ئەمما، قانداق ئەھۋالدا، قانداق ئاغرىغاندا ئىشلىتىش ھەققىدىكى ئۇچۇرلار تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمما، بۇنىڭ جاۋابى يەنىلا تۇرپاندىن تېپىلغان ئەمچىلىككە ئائىت بايانلاردا بىزنى بىرقەدەر تەپسىلىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**گۈلى، چېچىكى دورا**

قەدىمكى ۋەسىقىلەردە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈلى ۋە چېچەكنىڭ ئاغرىقلارنى ئەملەشتە ئىشلىتىلگىنى ھەققىدە خاتىرىلەر بار بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلاردا زاراڭزا چېچەكنى ئەمچىلىك ئىشلىرىدا ئىشلىتىش داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. گۈلخۇمار خەلقىمىز ھەرخىل گۈللەرنى تېرىشتا ئۇنىڭ رەڭگى ۋە پۇرىقىدىن ھوزۇرلىنىپلا قالماستىن، يەنە ھەرخىل گۈللەردىن گۈلقەنت، مۇراببا ياساش، چاي ئورنىدا دەملەش ئارقىلىق ئۆز تېنىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. گۈل ۋە چېچەك شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ھەرخىل گۈللەر ۋە چېچەكلەردىن بال ـ ھەسەللەرنى ئېلىپلا قالماي، يەنە تەبىئىي پېتى ھۆل ياكى قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن. «دىۋان»دا چېچەكلەرنىڭ ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە توختالمايدۇ. پەقەت ۋاستىلىك ھالدا ھەسەل ھەرىسى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان بال ھەققىدە مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. بال ـ ھەسەللەر ئاغرىقلارنى كۈچلەندۈرۈشتە قىممەتلىك ئوت (دورا)لىق رولىنى ئۆتەپ كەلگەن. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنمىغان بۇ مەلۇماتلار

«دۇان»دىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلىشى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى تولۇقلىغان ھالدا يەنىلا تۇرپاندىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردا تىلغا ئېلىنىپ، شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىك ئىشلىرىمىزنى مەزمۇن جەھەتتە بېيىتىپ كېلىدۇ. «سۆت كەت بولغۇ ئەم(:) يورگەي قۇاسى بىش باقىر سۇۋقا قاينتۇرۇپ، سۇۋىن سۇسۇپ ئالىپ، ياغ سۆت بىرلە قاينتۇرۇپ ئىچۈرسۇن (.) كەت بولۇر(.)

سۈتنى كۆپەيتىشنىڭ ئۇسۇلى: ھەشقىپىچەكنىڭ گۈلىدىن بەش باقىر (مىسقال)نى سۇدا قاينىتىپ، سۈيىنى سۈزۈۋېلىپ، ياغ، سۈت بىلەن قاينىتىپ ئىچۈرسە، سۈت كۆپىيىدۇ»[41].

«ئەمگ شىشىپ ئاغرىسار سارىغ مۇنگا، ياسمۇق مىنى، قۇلۇم قۇا يۇرۇڭ مىن كىشى سۈتى بىرلە يوغۇرۇپ ياقسار شىشى ئاغرىغى كىدەر.

كۆكسى ئىششىپ ئاغرىغان ئايال سېرىق ماڭگۇ، تېرىق ئۇنى، قۇلۇن گۈلى، ئاق ئۇن قاتارلىقلارنى ئادەم سۈتى بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىرنى كۆكسىگە تېڭىپ بەرسە، ئۇششىلىپ كېتىدۇ»[42].

«قودۇر ئەمىن ئايالىم (:) يۇلدۇرغان قۇا سىن ياشىن يۇمشاق سوقۇپ بىر قاشۇقچا ئالىپ بىر ئۇلۇغ قادىڭ يۇغۇرۇتقا بولغاپ ئاچ قارىنقا ئىچگۇل(،) كىدەر (.) يانا قۇرۇغىن بىر باقىر يىنچكە سوقۇپ لالاپ ئۇساغى ياڭچا ئىچگۇل(،) ئارتۇق ئىچسەر(،) بولماز (.) يانا چىقۇتاشىن يىنچكە سوقۇپ لالاپ باقىر ئىشچىتە سارىغىنچا قاغۇرۇپ كۇنچىت ياغىنقا بۇلغاپ تۇردسەر كىدەر(.) يانا قودۇر ئەمى(:) ئاچ قارىتا توڭۇز ئۇدى ئۇچ تاڭ بىرلە ئىچسەر(،) قودۇر كىدەر(.) سىنامىش ئەم ئول (.)

قوتۇرنىڭ داۋاسىدىن سۆز ئاچايلى: يۇلدۇرغان (بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى) نىڭ ياش چېچىكىنى يۇمشاق سوقۇپ بىر قوشۇقچە ئېلىپ، ئۇنى بىر ئايقۇر قېتىقتا قوشۇپ ئاچ قورساققا ئىچسە، ساقىيىپ كېتىدۇ. يەنە يۇلدۇرغاننىڭ قۇرۇق چېچىكىدىن بىر باقىرنى يۇمشاق سوقۇپ ئۇسسىغاندا ئىچىپ بەرسە ساقىيىپ كېتىدۇ. لېكىن، كۆپ ئىچىۋەتسە بولمايدۇ. يەنە چىقۇ تېشىنى ئۇششاق سوقۇپ ئېزىپ، مىس تاۋىدا سارغايغۇچە قورۇپ، كۇنجۇت مېيىغا مىلاپ، سۈرتۈپ بەرسە ساقىيىپ كېتىدۇ. يەنە قوتۇرنىڭ ئەمى (داۋاسى) چوشقا ئۈتىنى ئۇدا ئۈچ سەھەر ئاچ قورساققا ئىچىپ بەرسە، قوتۇر ساقىيىپ كېتىدۇ. بۇ سىنالغان ئەم» [43].

مېۋىسى ۋە سۈيى دورا

ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپتە مېۋىلەر بىلەن ياۋا مېۋىلەرنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق قورساق تويدۇرۇش داۋامىدا ئۇچراشقان. بۇ جەرياندا مېۋىلەرنىڭ پايدىلىنىش رولى ۋە خۇسۇسىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىشقان. كېيىن بارا - بارا تىكىپ ئۆستۈرۈپ ئۆز ئېھتىياجىدىن چىقىشقان. بارا - بارا ئۇلاقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن يېڭىچە سورتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم مېۋىلەر جۇغراپىيەلىك شارائىتى ماس كەلگەن ئورۇنلاردا تېخىمۇ راۋاجلانغان. تاللاش ئىمكانىيىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى ھۆل ياكى قۇرۇق ھالدا ساقلىنىپ ئىستېمال قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ساقلىقنى ساقلاشتا ئىشلىتىلگەن. ئەل ئىچىدىمۇ ساقلانغان مېۋىلەرنىڭ پەسىللەردىكى ئوخشىمىغان خۇسۇسىيىتى ھەققىدە بىلىملەر توپلىنىشقان. شۇنداقلا، ئەمچىلىك ئىشلىرىدا مېۋىلەر مۇھىم ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. مېۋىلەر ھۆل، قۇرۇق پېتى ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، يەنە سۈيى سىقىلىپ ھەر خىل شەربەتلەر ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئايرىم ياكى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلگەن. بۇ ھەقتە «دىۋان»دا ئەڭ جىق تىلغا ئېلىنىدىغىنى ئۈزۈم ۋە ئۈزۈمدىن ئىشلەپچىقىرىلغان سىركە قاتارلىق قىممەتلىك ئوت

(دورا) لاردۇر.

«دىۋان»دا مېۋىلەر، جۈملىدىن باغۋەنچىلىك ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ ئۇچۇرلار شۇ دەۋرلەردە دىيارىمىزدا باغۋەنلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

شۇ دەۋردە باغۋەنلىكنىڭ تەرەققىياتى ھەر خىل دەرەخ ۋە مېۋە سۈيلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئەمچىلىكتە ئىشلىتىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

شۇ دەۋردە بۇ خىل دەرەخ مېۋىسى ۋە مېۋە سۈيىنىڭ ئاغرىقلارنى ئەملەشتىكى رولى ھەققىدە «دىۋان»دا بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى بېرىپ كېلىپ، «قات. ھەممە تىكەنلىك دەرەخلەردە بولىدىغان مېۋە. سىنچغان قاتى ـــ قاراقات ياكى قىزىلقات. ئۇنى سىقىپ قېتىقتا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن رەڭ بېرىش ئۈچۈن تۇتماچقا قوشىدۇ. يەمەك، قىپچاق، قاي، تاتار، چۇمۇل قەبىلىلىرىنىڭ تىلىدا ھەرقانداق دەرەخ مېۋىسى ‹قات› دېيىلىدۇ»[44]. مېۋىلەردىن باشقا يەنە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى، يوپۇرمىقىدىن سىقىش ئارقىلىق ئېلىنغان سۇيۇقلۇقلارمۇ تاماققا قوشۇلغان. بۇ بەلكىم تاماقنىڭ ئاغرىققا ماس كەلمەيدىغان بەزى پۇراقلىرىنى يوقىتىش ياكى ئاغرىققا ماس كېلىدىغان ئوت (دورا)نى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك. «yawa ياۋا، ئاقتىكەن بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۈيىنى تۇتماچقا قويسا، تۇتماچقا رەڭ بېرىدۇ» [45]، بۇ خىل ئەھۋال تۇتماچنىڭ رەڭگىنى كۆركەم قىلىپ تېخىمۇ يېيىشلىك بولۇشى ئۈچۈن بولسا كېرەك.

قانداق ئاغرىققا قانداق مېۋىنىڭ بېرىلىشى ھەققىدە بولسا، «avīlķu ئاۋۇلقۇ، قىزىل مېۋە بېرىدىغان بىر خىل دەرەخ، مېۋىسىنىڭ سۈيى ئاشقا قويۇلىدۇ، پوستى بىلەن كۆز ئاغرىقى داۋالىنىدۇ» (34 ـ ئىزاھ بىلەن ئوخشاش)، دېيىلگەن بايانلاردىن ئاشقا قوشۇلىدىغان مېۋە ياكى دەرەخلەرنىڭ ئوت (دورا) لىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر.

شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىكتە مېۋە سۈيىنىڭ ئاغرىقلارغا ئىشلىتىلىشى ھەققىدە يەنە مۇنداق بىر ئۇچۇرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ: «قان ئۆدكەك (ئەمى): چۈسۈن قۇرۇغ ئۇسۇم سۆۋى تاڭدا سايۇ ئىچۈرسەر، ئەدگۇ بولۇر.

تەرەتتە قان كەلگەننىڭ داۋاسى: ئۈجمە، قۇرۇق ئۈزۈم سۈيىنى ھەر كۈنى سەھەردە ئىچۈرۈپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ»[46]

**يېغى ئارقىلىق ئاغرىق داۋالاش**

ئەجدادلىرىمىز ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسىنىڭ سۈيىنى سىقىپ، ئۇنى تاماق ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدا ئىشلىتىپلا قالماي يەنە ئۆسۈملۈك ۋە دەرەخلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى دورا ئورنىدا ئىشلەتكەن. شۇ قاتاردا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن ماي چىقىرىپ تاماققا ئىشلەتكەن. بۇ مايلارنى بەزىدە ئەمچىلىك ئىشلىرىدىمۇ ئىشلەتكەن. «دىۋان»دا ھايۋاناتلارنىڭ مايلىرى ئارقىلىق ئەملەش ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار بولغان بولسىمۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېيىنى ئەملەشكە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە خاتىرە يوق. ئەمما، تۆۋەندە ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مايلىرى ئارقىلىق بەزى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. ئەجدادلىرىمىز زىغىر، كۈنجۈت، قارىمۇچ قاتارلىقلارنىڭ يېغى ئارقىلىق ئەملەش ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنمىغان، ئەمما باشقا يازما يادىكارلىقلار ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن مۇشۇ ھەقتىكى

قىممەتلىك رېتسېپلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

«ئۈچ كۈنكەدەكى ئاچ قارىنقا بىرەر چان قومايىغىن ئىچۈرسەر ئەدگۇ. كۆز يارۇقسىز بولۇپ ئۆكۈش تەلىم ياش ئاقسار، كۆز ئۇزە سۇردسەر يەمە ئەدگۇ بولۇر.

ئۈچ كۈنلۈك ئاچ قورساققا بىر قاچا زىغىر مېيىنى ئىچۈرسە ياخشى بولىدۇ. كۆز قاراڭغۇلىشىپ، كۆپ ياش ئاقسا (ياشاڭغىرىسا) زىغىر مېيىنى كۆزگە سۇرتۇپ بەرسە، ياخشى بولۇپ كېتىدۇ»[47]

يانا ئەم: قىزىل چىندان يۇرۇڭ چىندانلار قوشتى توبۇلغاق، سارىغ كۆسى ئىكىرەر بارقىر چورنى قىلىپ كۈنچىت ياغى بىرلە يۇغۇرۇپ ئالىنقا سۇردسەر باش ئاغرىقى كىدەر.

يەنە داۋاسى: قىزىل چىندان، ئاق چىندان، قوشدى (بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكىنىڭ نامى)، تېۋىلغا، سېرىق كۆجىلەرنى ئىككى باقىر (مىسقال)دىن ئارىلاشتۇرۇپ، كۈنجۈت يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ ماڭلايغا سۇرتۇپ بەرسە، باش ئاغرىقى توختايدۇ»[48]

«قان تومۇرماققا ئەم(:) كىرپى تەرىزىن كۆيۈرۈپ كۈلىن بۇرۇنقا يۇرسەر (،) تىدىلۇر (.) ياما ئەم(:) يىلان باسى مۇنچۇقنى كۆيۈرۈپ يۇمشاق سوقۇپ لالاپ بۇرۇنقا يۇرسەر (.) تىدىلۇر (.) ياما ئەم(:) كۈنچىتۇ ياغى ئۇپا بىرلە قادىپ بۇرۇننى ئارىغ يۇپ بۇرۇنقا سوقسار(،) ئارتۇق ئەدگۇ بولۇر.

بۇرۇن قانىغانغا داۋا: كىرپە تېرىسىنى كۆيدۇرۇپ، كۈلىنى بۇرۇنغا پۈركەپ بەرسە، قان توختايدۇ. يەنە داۋا: يىلان بېشى مۇنچاقنى كۆيدۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، بۇرۇنغا پۈركىسە، قان توختايدۇ. يەنە داۋا: كۈنجۈت يېغىنى ئۇپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن بۇرۇننى پاكىز يۇيۇپ، بۇرۇنغا تۇتۇپ بەرسە، قان ناهايىتى تېز توختايدۇ»[49].

«باش ئاغرىغ ئەمى(:) قىسىل يۇرۇڭچىندانلار پىتپىدى ئىنگەك ياغى بىرلە ئالىنقا سۇردسەر(،) باش ئاغرىقى كىدەر (.) يانا ئەم(:) كۈنچىت ياغى يىپار بىرلە ئارقا يىلىدىپ بۇرۇنقا قۇدسار(،) كىدەر(.)

باش ئاغرىقىنىڭ داۋاسى: قىزىل ۋە ئاق چىندانلارنى قارىمۇچ، ئىنەك يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ماڭلايغا سۇرتۇپ بەرسە، باش ئاغرىقى ساقىيىدۇ. يەنە ئەم (داۋا): كۈنجۈت مېيى بىلەن ئىپارنى ئازراق قىزىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىپ بەرسە، ساقىيىدۇ»[50].

دەرەخ يىلىمىدىن ئېلىنىدىغان ئوت(دورا)

قەدىمكى دەۋر ئەمچىلىكىمىزدە دەرەخلەرنىڭ يېلىمىنىڭ ئوت (دورا) تەييارلاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە «دىۋان»دا مەلۇمات بار. قەدىمكى دەۋرلەردە ئەمچى ئوتاچىلىرىمىز دەرەخ يېلىملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، خۇسۇسىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى بولسىمۇ بىلىملەرنى يەكۈنلىگەن ھەمدە ئۇزاق مۇددەتلىك سىناق، ئىشلىتىش داۋامىدا ئەمچىلىكتىكى رولى ھەققىدە بەلگىلىك سىستېمىلىق چۈشەنچىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئەجدادلىرىمىز جىگدە يېلىمى ئارقىلىق چاچ ئۆستۈرۈش، چاچنى قويۇق قىلىش مەقسىتىگە يەتكەن بولسا، دېۋىرقاي، توغراق يېلىمى ئارقىلىق ئىششىق ياندۇرۇش، زەھەر تازىلاشتەك مەقسەتلەرگە يەتكەن. «دىۋان»دا بۇ ھەقتە، «kəküx كەكۈش، ئىششىقتا سۇرۇلىدىغان دورا، دېۋىرقاي» [51] دېگەن ئىزاھات، شۇ دەۋردە قارىغاي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ دېۋىرقاي، يېلىملىرىنىڭ ئىششىق ياندۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئوت (دورا) قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن.

ئاياللارنىڭ دەرەخ يېلىملىرىدىن پايدىلىنىشى ھەققىدە «دىۋان»دا، «boz monquķ — بوز مۇنچاق. بۇ ئىپار بىلەن سۆكتىن ياسىلىدۇ، خوتۇنلار تاقايدۇ» [52] دەپ توختىلىدۇ. بۇ باياندا دەرەخ يېلىمى ھەققىدە بىۋاسىتە مەلۇمات بولمىسىمۇ، «دىۋان»نى تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن «سۆك»نى ئىزاھلاش ئۈچۈن

بېرىلگەن ئىزاھاتتا «سۆك. ئاملە شىرىسى، ئەرەب يېلىمى ۋە ئىپار قوشۇپ ياسىلىدىغان بىر خىل دورا» (3 ـ توم، 167 ـ بەت) دېگەن مەلۇماتنى قالدۇرىدۇ. ئوت (دورا)لىق قىممىتى بار دەرەخ دېۋىرقاي، يېلىم ھەققىدىكى بايانلار بىزگە بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەدىمىي ئەنئەنە قاتارىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان جىگدە يېلىمىنىڭ ئاياللارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان زىننەت ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىشى، بىزنى قەدىمكى دەۋردە چېچى ئازلارنىڭ ئەملىنىشىگە ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە تەخمىنلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ھەقتىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن يەنىلا قەدىمكى تۇرپان تېكىستلىرىگە مۇراجىئەت قىلىمىز:

«قايۇ كىشكە ياۋۇز قارت ئۇنسەر نوشادىر توغراغۇ(سىن) قۇرۇت بىرلە قادىپ ئۇزە ياقسار ئەدگۇ بولۇر.

قايسى كىشىگە يامان جاراھەت چىقسا، نۇشۇدۇر يېلىمىنى قۇرۇت بىلەن قوشۇپ، يارا ئۈستىگە يېقىپ بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ»[53]

«يانا قايۇ كىشى ئاتتىن تۇشۇپ، قامچى يىپ، تامتىن تۇشۇپ ئىچى بەردىنمىشكە قان تومۇر مىشقا ئەم(؛) تاقىغۇ يومۇردقاسىنچا توغراق توغراسىن يۇمشاق سوقۇپ لالاپ ق...ىق بىرلە ئىچۇرسەر(،) قان ئۇدۇپ ئەدگۇ بولۇر (.) سىنامىش ئەم ئول»(.)

ئاتتىن يىقىلىپ ياكى قامچا يەپ ۋە ياكى تامدىن يىقىلىپ زەخملىنىپ، ئىچىگە قان چۈشۈپ كەتكەن كىشىلەرگە داۋا: توخۇ تۇخۇمىدەك توغراق يېلىمىنى يۇمشاق سوقۇپ...بىلەن ئىچىپ بەرسە، ئۇيۇشلىپ كېتىدۇ. بۇ سىنالغان ئەم»[54].

**تۈگەنچە:**

يۇقىرىقى بايانلار «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئەمچىلىك (تېبابەتچىلىك) ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلا بولۇپ، بۇ بايانلار شۇ دەۋردە ئەمچىلىك تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇرلارنى بېرىشتىن تاشقىرى، ئەل ئارىسىدا ئۈسۈملۈكلەرنى تونۇش، پايدىلىنىش جەھەتتە مەلۇم چۈشەنچىلەرنىڭ تارقالغانلىقىنى ھەمدە بۇ ھەقتە مەلۇم ئەسەرلەرنىڭ بولغانلىقىنى، شۇ ئەسەرلەردىن ئېلىنىپ «دىۋان»غا مىسال سۈپىتىدە پۈتۈلگەنلىكىنى تەخمىن قىلىمىز ھەمدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭمۇ ئۆز دەۋرىدە ئەمچىلىك ساھەسىدە مەلۇم بىلىملەرگە ئىگە، يېتىشكەن ئاتاسىغۇن ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار.**


[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى.

[2] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى.

[3] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى.

[4] ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئىزاھاتلار

[5][4][3][2][1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ توم، 48 ـ، 49 ـ بەتلەر.

[8][7][6] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ توم، 653 ـ، 552 ـ، 144 ـ بەتلەر.

[11][10][9] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 510 ـ، 193 ـ، 244 ـ بەتلەر.

[15][14][13][12] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ توم، 687 ـ، 581 ـ، 593 ـ، 587 ـ بەتلەر.

[17][16] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 14 ـ، 563 ـ بەتلەر.

[20][19][18] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە. 1 ـ توم، 561 ـ، 628 ـ، 447 ـ بەتلەر.

[21] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 327 ـ بەت.

[22] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ توم، 76 ـ بەت.

[23] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 2 ـ توم، 265 ـ بەت.

[26][25][24] ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 332 ـ، 333 ـ، 344 ـ بەتلەر.

[29][28][27] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ توم، 183 ـ، 75 ـ، 533 ـ بەتلەر.

[31][30] ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 335 ـ، 344 ـ بەتلەر.

[34][33][32] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە. 1 ـ توم، 593 ـ، 565 ـ، 637 ـ بەتلەر.

[35] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 75 ـ بەت.

[38][37][36] ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 333 ـ، 349 ـ بەتلەر.

[40][39] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى،

ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 52 ـ، 510 ـ بەتلەر.

[41][42][43] ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 341 ـ 342 ـ، 242 ـ، 347 ـ بەتلەر.

[44][45] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 201 ـ، 33 ـ بەتلەر.

[46] ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 338 ـ بەت.

[47][48][49][50] ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 337 ـ، 339 ـ، 343 ـ، 245 ـ 346 ـ بەتلەر.

[51] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ توم، 530 ـ بەت.

[52] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 167 ـ بەت.

[53][54] ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 338 ـ، 348 ـ بەتلەر.

(ئاپتور ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى)

